مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLK LITERATURE



麦拉斯

# مىراس

2003.5

ISSN 1004-3829
10>
9 771004 382027

Arman
阿尔曼

ئارمان شان- شەرىپى

# ئارمان

## سۈپەت، ئىناۋەت، مۇلازىمەتتە AAA دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ باھالاندى

ئارمان شىركىتى ۋە ئارمان يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرى

- ISO-9001 خەلقئارالىق سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆتكۈزۈلگەن شىركەت
- جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن مەھسۇلات
- شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى
- ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا
- ئاپتونوم رايونلۇق سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسى سۈپىتىنى بېكىتكەن مەھسۇلات
- ئاپتونوم رايونلۇق ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەۋسىيە قىلغان مەھسۇلات

# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال 2003 - يىل 5 - سان



### دۇنياغا نەزەر

ئامېرىكا چۈشى ۋە بىزنىڭ ياشلىرىمىز ........... ئەسەت سۇلايمان ئۇيغار 1

مانا بۇ ئامېرىكا ....................................... قەيسەر مىجىت 4

### كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

چوكان باخشى ............................................ زۇنۇن قادىرى 11

### ئەينەك

كىم خاتا قىلدىڭ دېيەلىسۇن ........................ چىڭ جىن (ئامېرىكا) 14

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇگۈنى ھەققىدە ............................

............................................ ئا. رەشىد جەلىل قارلۇق 16

قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە - زارى ............ چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف 49

غېجەك - ئوتتۇرا ئاسىيا چالغۇسى ..................................................

..................................... مۇراد تاشمۇھەممەدوۋ (ئۆزبېكىستان) 67

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىن كېيىنكى ئىشلار....... 22

نامراتلار نېمىشقا نامرات ........................................ 32




(ئومۇمىي 79 - سان)


باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

تەھرىرات باشلىقى:

**بەختىيار باھاۋۇدۇن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:

**ئەسقەر مەخسۇت**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004- 3829

ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58

باھاسى: 4.00 يۈەن

ئالا ئىنەكنىڭ پۇشتى ............ 37

يىلان بىلەن توشقان ............ 38

قۇشقاچلار روھى ............ 38

چەت ئەلدىكى تۆت ھېكايە ............ 47

سوقرات ۋە فۇلېي ............ 71

بوراندا قالغان قومۇش ............ 73

چاۋاك تىلەمچىلىرى ............ 75

ساغلاملىق تەبىئىي ئوزۇقلۇققا مۇھتاج ............ 77


## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس


يۆتكەن تاش............ توپلىغۇچى: **مۇختار تۇردى** 36


## كۆكتىن تامدۇق يەردىن ئۈندۇق


مۇھت، مەۋجۇدىيەت ۋە مەسئۇلىيەت.... **ئابدۇرەھمجان يۇسۇپ ئۇمىد** 39


## ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ


ساغلاملىق بىباھا ............ 24


## كۈلكە —جان ئوزۇقى


زىياپەت ئۈستىدىكى ئىشلار ............ **پاتىگۈل قاسىم تۆربەگ** 63

يۇمۇرلار ............ 69


---

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدىكى رەسىمنى **مۇھەممەد** سىزغان

## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)


تېلېفون: 4554017 — 0991

پوچتا نومۇرى: 830001



编辑:《美拉斯》编辑部 出版: 新疆维吾尔自治区民间文艺家协会(乌市友好南路 22 号文联 14 层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65 - 1130/I 国外统一刊号: ISSN1004 - 3829 邮编: 830001 代号: 58 - 60 定价: 4.00元


**«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلەرنى قارشى ئالىمىز!**




ـــ قەيسەر مىجىتنىڭ «مانا بۇ ئامېرىكا» ناملىق ئوچۇق خېتى ھەققىدە

1

«ئامېرىكا چۈشى» 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ يېڭى غايىسىگە ئايلانغان بولسا، 20 ـ ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىكى ياشلارنىڭ چىقىش يولى تېپىشتىكى «ئۇتوپىيىسى»گە ئايلاندى. پادىچىلار ئىشتىنى، كوكوكولا، جاز مۇزىكىسى، مېكائىل جېكسون، ھوللىۋودنىڭ چولپانلىرى، جوردان، تەيسېن، بىل گېيتىس، مەك دونالد، كېنتاكي قاتارلىق يېڭىدىن ـ يېڭى ئاتالغۇلار غەرب ياشلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا «مودا» بولۇپ قالدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئامېرىكىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنى دۇنيا تەرتىپىنىڭ تەنھا «خوجايىنى»غا ئايلاندۇردى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىكى كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى تەنھا مونوپوللۇقىنى چەكلەش ئېھتىياجى بىلەن ياۋروپادا بىرلىككە كەلگەن پۇل بىرلىكىنى ئاساس قىلغان يېڭى «ياۋرو» مەدەنىيىتى بەرپا قىلىندى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» ئامېرىكىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن بۇيانقى «ئىچ پۇشقى»نى چىقىرىۋېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇردى. مىسلىسىز ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي قۇدرەتكە ئىگە بۇ زور ئىمپېرىيە «دۇنيا ساقچىسى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ.

«ئامېرىكا چۈشى» ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىكى ياشلارنىڭ ئورتاق «ئۇتوپىيىسى»گە ئايلانغان، نيۇ ـ يوركنىڭ ئەڭ ئاۋات رايونى بولغان مانخاتتاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەركىنلىك ھەيكىلى قولىدىكى پارلاپ تۇرغان مەشئەل بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىليونلىغان ياش قەلبلەرنى ئاشۇ «ئەركىن دۇنيا»غا چاقىردى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى گويا سىمسىز رادىئو دولقۇنىدەك يەر شارىنى

قاپلىدى. TOFEL، GRE قاتارلىق خەلقئارالىق ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانلىرى «ئامېرىكا چۈشى»نى چۈشەۋاتقان تۈرلۈك ئىرقتىكى ياشلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەشتىكى «پىلسىرات كۆۋرۈكى»گە ئايلاندى.

2

ئۇزاق مەزگىلگىچە ئېتىۋېتىلگەن قوۋۇقلار ئاخىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلدى. تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن چايقىلىپ كەلگەن تاشقى دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ ئۇچۇرلىرى قاتمۇقات تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە مۈگدەپ قالغان بۇ زېمىنغا خېلىلا كېچىكىپ يېتىپ كەلدى. شۇ چاغلارغىچە يىراقتىكى ئامېرىكىنى «قەغەز يولۋاس»، ياپونىيىلىكلەرنى «ئالۋاستى، ياپون پاكارلىرى»، سوۋېت ئىتتىپاقىنى «رېۋىزىيونىزمچى» (شيۇجېڭجۇيى) دەپ شەكسىز يوسۇندا ئىشىنىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر، ئىشىكنىڭ ئېچىۋېتىلىشى بىلەن بىردىنلا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى: تۇۋا، دۇنيا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇلار دۇنيا ئېقىمىدىن قانچىلىك دەرىجىدە كەينىدە قالغان - ھە!

1985 - يىلىدىن باشلاپ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئوقۇش ئۈچۈن ياپونىيىگە باردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كۈنسايىن كۆپەيدى. چەت ئەللەردە ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن ياكى ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە خىزمەت تېپىپ ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «خۇش خەۋەر»لىرى دىيارىمىزدا ئۆز كەلگۈسىنىڭ تاتلىق خىياللىرىنى سۈرۈۋاتقان ياشلىرىمىزنى مىسلىسىز دەرىجىدە جەلپ قىلدى.

دەۋر ئۆزگەردى، رىقابەت كەسكىنلەشتى، ياش بىر ئەۋلادنىڭ قىممەت قارىشىمۇ يېڭىلاندى. ماكان چەكلىمىسى ۋە مەدەنىيەت چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا قاتنىشىش 90 - يىللاردىن بۇيانقى ياشلارنىڭ غايىسى بولۇپ قالدى.

مۇشۇنداق بىر مىللەت، مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي پۇرسەتتە مۇرەككەپ تاللاش سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ياش بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈردى. بۇ ئەۋلادنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى، قىزىقىشى ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنەتتى. ئۇلاردا قىزغىنلىقمۇ، تەۋەككۈلچىلىكمۇ ۋە سىناپ بېقىش روھىمۇ بار ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردا يەنە راھەتپەرەسلىكمۇ، چۈشكۈنلۈكمۇ ھەمدە ئۆز كىملىكىگە نىسبەتەن ئىنكارچىلىقمۇ بار ئىدى.

دۇنيانىڭ تېز سۈرئەتتىكى ئۆزگىرىشى كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش شەكىللەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئەمدى ئاتا - ئانىلىرى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەشۇ كونا تارىخنى ئەسلا قايتا تەكرارلىغۇسى يوق ئىدى.

چۈنكى ئۇلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن كونا بىر ئەۋلادقا قارىغاندا ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئۆز كەلگۈسىنى قۇرۇش ئارزۇسى بىلەن چىقىش يولى ئىزدەش ئىستىكى نۆۋەتتىكى ياشلىرىمىز ئارىسىدا چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش دولقۇنىنى قوزغىدى. ھەتتا بىر قىسىم ياشلار، ئۈمىدىنى چەت ئەلگە چىقىشقا باغلاپ، خېلى ئۇزاق يىللارغىچە «ياۋروپا چۈشى» بىلەن «ئامېرىكا چۈشى»نى چۈشەپ يۈردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەكلىماكاننىڭ مېۋىلىك دەرىخى بولغاندىن ياۋروپانىڭ قاقشال دەرىخى بولۇپ قالسامچۇ دەپ ئويلاشتى...

خەيرىيەت، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاخىرى چەت ئەلگىمۇ چىقتى. ۋەھالەنكى، ئۆز ئېلىدە ھېچقانداق بىر ئىش تەۋرىتەلمىگەن، پۈتكۈل ئۈمىدىنى يىراقتىكى ئۆزگە تالىق بولمىغان غايىۋى مەنزىرىلەرگە باغلىغان بۇ كىشىلەر ئۇ يەردىمۇ ھېچبىر «جەننەت»نىڭ ھىدىنى ھىدلىيالمىدى. ئەمەلىيەتتە، ياۋروپانىڭ «قاقشال دەرىخى» بولۇشمۇ ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى.

چەت ئەللەردە، بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، دۇنيا پەن - تېخنىكىسى ۋە ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تونۇشۇش بىزگە ئوخشاش ئارقىدا قالغان خەلقلەر ئۈچۈن مۇھىم ئىش. بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ ئالغا كەتكەن قىسمى - ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىلغار پەن -

تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە
ئۇچراشقانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەكتە.

ئەمما، قارا ـ قويۇق سىرتقا ئىنتىلىش، ئۆزىنى چۈ-
شۈرۈپ، ئۆزگىگە مايىل بولۇش، چەت ئەلنىڭ ھەممە
نەرسىسىگە چوقۇنۇش، چىقىش يولىنى پەقەتلا چەت ئەل-
دىن ئىزدەش، كۆز ئالدىدىكى ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت-
لەرگە ئېتىبارسىز قاراپ، ئۆزگىگە تالىق بولمايدىغان غايە-
ۋى نەرسىلەرگە ئىنتىلىش... مانا بۇ نۆۋەتتىكى بىر قىسىم
«ئامېرىكا چۈشى» چۈشەۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ قىزىققان
پسىخىكىسىدۇر.

شۇنداق، چەت ئەل رىۋايەتلەردىكى جەننەت ئەمەس،
ئۇ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ رېئاللىقتىنمۇ كەسكىن بولغان بىر
رېئاللىق. ناۋادا سىز ئاشۇ كەسكىن رېئاللىق ئىچىدىن
ئۆتۈپ چىقالايدىغان غەيرەت ـ شىجائەت ۋە ئىرادىگە
ئىگە بولسىڭىز، ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۆز
«جەننەت»ىڭىزنى قۇرۇپ چىقالايسىز!

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتىدا مۇنەۋۋەر ستۇدېنت، ئىنگلىز تىلى ماھىرى ۋە
ياشلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ ئوقۇغان قەيسەر مجىت خېلى
يىللارغىچە «ئامېرىكا چۈشى» چۈشىگەن ياشلارنىڭ بە-
رى ئىدى. خەيرىيەت، ئۇنىڭ چۈشى ئاخىرى رېئاللىققا
ئايلاندى. بۇ چۈشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىنى ئۇنىڭ
تاتلىق خىيالى ئەمەس، بەلكى شۇ خىيالنى رېئاللاشتۇرغان
تەۋرەنمەس ئىرادىسى ئىدى. ئارىدىن بەش ـ ئالتە يىل
ئۆتۈپ كەتتى. قەيسەر مجىت ئامېرىكىدا ياشاش، ئوقۇش
ۋە خىزمەت قىلىش جەريانىدا غايە بىلەن رېئاللىق ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىچكى مەنىسىنى چوڭقۇر
دەرىجىدە چۈشىنىپ يەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر پارچە
ئاددىي ئوچۇق خېتى بىلەن «ئامېرىكا چۈشى»نى رېئال-
لىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈشىۋاتقان ياشلارغا چۈ-
شەنچە بەردى.

3

مەزكۇر ئوچۇق خەتنىڭ ئاپتورى ھەققىدە ئاز ـ تولا
ئۇچۇر بېرىش زۆرۈر بولسا كېرەك.

قەيسەر مجىت 1970 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بىر تاغلىق
يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە
ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شۇ جايدا تۈگەتكەندىن كېيىن،
1988 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇ-
رۇش فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1993 ـ يىلى ئوقۇش
پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنە شۇ فاكۇلتېتتا ئىقتىسادشۇناس-
لىق كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قى-
لىنغان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ «تارىم» ۋە «تەڭرىتاغ»
ژۇرناللىرىدا بىر قانچىلىغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ئېلان
قىلىنغان ۋە تەسىر قوزغىغان. ئىنگلىز تىلىغا ئالاھىدە ما-
ھىرلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا داڭق چىقارغان.
1996 ـ يىلى ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تاماملىغاندىن كې-
يىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش فا-
كۇلتېتىدا لېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن
ئىنگلىز تىلىنىڭ TOFEL، GRE قاتارلىق خەلقئارالىق
ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرى-
دىكى شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىسادشۇناسلىق
فاكۇلتېتىنىڭ «ئوقۇتۇش ياردەمچىسى» ئوقۇش مۇكاپا-
تىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا
خەلقئارا ئىقتىساد كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىققا ئوقۇشقا
كىرگەن. 1999 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ماسسا
چۇسېتىس شتاتىدىكى «ئىزچىللىق» ناملىق خۇسۇسىي-
لار ئىگىدارچىلىقىدىكى سەھىيە مۇلازىمىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان شىركەتتە «سانلىق مۇلۇمات ۋە بازار ئانا-
لىزچىسى» بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن.

2000 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇ يەنە بوستوندىكى شەرقىي
شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنژېنېرلىق ئىنستىتۇتىنىڭ «ئۇ-
چۇر سىستېمىلىرىنى باشقۇرۇش» كەسپىگە ماگىستىرلىق
ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا
ئوقۇش تاماملاپ، ئۇچۇر ئىلمى بويىچە ئىككىنچى قېتىم
ماگىستىرلىق ئىلمى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

قەيسەر مجىت ھازىر ئامېرىكا شەرقىي شىمالىي ئۇ-
نىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىدا
ئىقتىساد، ستاتىستىكا ۋە ئۇچۇر باشقۇرۇش پەنلىرى بو-
يىچە لېكتور بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ ھازىر ئامېرىكا خەلق-
ئارا ئىقتىسادشۇناسلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خارۋارد ئۇ-
نىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئەزا-
سى.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com




2003.5

**چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بىر ياشقا ئوچۇق خەت**

يېقىندا بىر ياش قېرىندىشىمىزنىڭ تور ئارقىلىق دۇنيادىكى قېرىنداشلاردىن ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش مەسىلىسى ھەققىدە مەسلىھەت سوراپ يازغان خېتى ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسلىرىنى ئوقۇپ قالدىم. مەنمۇ ئاشۇ ياشتەك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، چەت ئەلدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش، خىزمەت قىلىش، ياشاش، قىسقىسى رېئاللىق بىلەن غايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان چايقىلىپ ئۆتتۈشتەك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەچكە، بۇ ياش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئارزۇسى بار قېرىنداشلىرىمىزغا ئازتولا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن بۇ ئوچۇق خەتنى يازدىم.

سالام قېرىندىشىم:

ئالدى بىلەن ئېلېكترونلۇق توردىن پايدىلىنىپ، كەلگۈسىڭىز ھەققىدە دۇنيادىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى باشلىغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.

ئەگەر يېقىن مەزگىلدىكى نىشانىڭىز چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش بولسا، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى نىشانىڭىزغا قاراپ تۇنجى قەدەمنى باسقانلىقىڭىزدۇر. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىنسان باشقىلارنىڭ ياردىمىگە، مەسلىھىتىگە موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ، مەسلىھەت بېرىدۇ، ياردەمنىڭ چوڭ ھەم كىچىكى بولىدۇ، شۇنىڭدەك مەسلىھەتنىڭ توغرىسىمۇ، نامۇۋاپىقىمۇ بولىدۇ. گەپ، شۇ شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ قىلغان ياردىمىگە توغرا ئىنكاس قايتۇرالىشىدا، باشقىلار بەرگەن مەسلىھەتلەر ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالىشىدا.

شۇ ۋەجىدىن مەن سىزنىڭ قېرىنداشلارغا خەت يېزىپ ھەل قىلالمىغان بەزى مەسىلىلىرىڭىز ھەققىدە مەسلىھەت سورىغانلىقىڭىزنى قوللايمەن، ئۆز نۆۋىتىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب يازغان قېرىنداشلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن.

گېڭىپىزنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، 20—22 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ھاياتقا سوئال قويۇپ، ئويلىنىپ ياشايدىغان يىگىت ئوخشايسىز. مانا بۇ سىزنىڭ بايلىقىڭىز. ياشلىق ئىنتىلىش، جاسارەت—توغرا نىشان ۋە ئىزچىل ھەرىكەت بىلەن بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. سىزدە ئالدىنقى ئۈچ خىل ئامىل بار ئىكەن. ئەمدى كېيىنكى ئىككى خىل ئامىل ھەققىدە كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەتى، ئۆزىڭىزنىڭ ئىمكانىيىتى ئاساسىدا قارار چىقىرىپ، ھەرىكەتكە ئاتلىنىڭ. يەنى بوشاشماي تىرىشىپ ئۆگىنىڭ.

ئىشىنىمەنكى، تىرىشچان، توغرا نىيەتلىك كىشىلەر ھامان ئارمىنىغا يېتەلەيدۇ. ھاياتتا بىز نۇرغۇن قەدەملەرنى باسىمىز، ئەمما ھاياتىمىزغا، تەقدىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر نەچچە قەدەم ئىنتايىن مۇھىم. ئادەم ئاشۇنداق مۇھىم قەدەملەرنىڭ بىرىنى سىزنىڭ يېشىڭىزدىكى چاغلاردا باسىدۇ. خۇشاللىنارلىق يېرى، سىز قەدەمنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ئېلىۋېتىپسىز. بۇ سىزنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى مەقسەت قىلغىنىڭىزلا توغرا يۆنىلىش، دەپ كەسكىن ئېيتقىنىم ئەمەس. بەزىلەر چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقماي تۇرۇپمۇ، چەت ئەلگە چىققان بەزىلەرگە قارىغاندا ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئەھمىيەتلىك، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ياشايدۇ، ئالايلى، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز، سودىگەر، ھۈنەرۋەنلىرىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئىچىدىمۇ پەزىلەتلىك ئىنسانلار بار. ئۇلار ئۆز شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقىمىز ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ پاك ۋە ساپ بولۇشى، ئەنئەنىمىزنىڭ داۋاملىششى، يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تۆھپە قوشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ تۆكۈۋاتقان تەرلىرىنىڭ، بېرىۋاتقان قۇربانلىرىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن بىلدىم. مېنىڭ سىزنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىپسىز دېگىنىمدە، سىزنىڭ بىلىم ئېلىشقا قىزىققانلىقىڭىز، كەلگۈسىڭىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقىڭىزنى كۆزدە تۇتقانلىقىمدۇر. ئەلۋەتتە، بۇ بىر ساغلام پسىخىكا ۋە ئاكتىپ كىشىلىك قاراشتۇر. سىستېما نەزەرىيىسى بويىچە پىكىر يۈرگۈزگەندە كۆپىنىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىقتىدارى ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى يەككە ئامىللارنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ياشلار مانا مۇشۇ توپنىڭ ماتورى. ئەپسۇسكى، ئەتراپىمىزغا باقساق، سىز دېمەتلىك نۇرغۇن ئىنى-سىڭىللىرىمىز بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزدەك روھىي ھالەتتە بولسا ياخشى بولاتتى، ئەمما رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس، ئىجتىمائىيىتىمىزدە جەمئىيەتنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى توغرا، ئاكتىپ يۆنىلىشكە يېتەكلەيدىغان مېخانىزىم بىزدە ئاشۇ يۇقىرىدا مەن ئېيتىپ ئۆتكەن بىر قىسىم ياخشى ئىنسانلىرىمىزنىڭ تىرىشقىنىغا باقماي، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، كۈنسايىن سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن، بىر مىللەت، بىر جەمئىيەت زىددىيەت ۋە بېسىم ئىچىدە ياكى تەرەققىي قىلىدۇ ياكى غايىب بولىدۇ، شۇڭا بىز ئۈچۈن يول بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، ئاجىزلىقتىن غالىب كېلىپ، ئالغا قاراپ مېڭىش. كىشىلىرىمىز جاھان كۆرگەنسېرى، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كۈچەيگەنسېرى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئۆزىنىلا ئەمەس، كۆپنىمۇ ئويلايدىغان، خەلققە، جۈملىدىن ياشلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشكە ئىنتىلىدىغان كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن.

ۋەھالەنكى، سىزدەك بىلىم ئىزدىگۈچىلەرنى قوللاشنى كۆپچىلىك قېرىنداشلىرىمىز بۇرچ ۋە شەرەپ دەپ بىلىدۇ، ئەمما قوللاشنىڭ دەرىجىسى ۋە مەزمۇنى كىشىلەرنىڭ ياشاۋاتقان يەردىكى شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە بېقىپ ئوخشاش بولمايدۇ. سىز بىلىم ئېلىش، ئوقۇش ئۈچۈن چەت ئەل تۇپرىقىغا قەدەم باسقىنىڭىزدا ئاشۇلارنى ھېس قىلالايسىز. ئىشىنىمەنكى، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىزلا، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. مەن ئۆزۈم تونۇيدىغان چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيمەن، دەپ نىيەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، ئاۋسترالىيە، گېرمانىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقىپ ئوقۇپ، خىزمەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، دېمەك، ئۇ مۇمكىن. مەن دېھقاننىڭ بالىسى، ئىقتىسادىي ئاساسىم يوق، دەپ مەيۇسلەنمەڭ، مەنمۇ تاغلىق رايوندا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خىزمەت قىلىپ ئاندىن

www.uyghurkitap.com





TOFEL, GRE ئىمتىھانلىرىنى بېرىپ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن. مەن تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ بىر نەچچىسىمۇ قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، تۇرپاننىڭ يېزىلىرىدا، كىچىك بازارلىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كەيىپ ـ ساپانىڭ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ كەينىدە بولماي، تىرىشىپ ئوقۇپ چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا كەلگەن. ئىقتىساد مەسىلىسى ئەلۋەتتە يالغۇز سىزنىڭلا ئەمەس، ئاساسەن ياشلىرىمىزنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مەسىلە. دېھقانلىرىمىز بىلەن مائاشلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقىنى ۋەتەندە چوڭراق دېيىشكە بولىسىمۇ، ئەمما چەت ئەللەردىكى تۇرمۇش ۋە باھا سىستېمىسى بويىچە ھېسابلىغاندا ئاساسەن ئوخشاش. يەنى، ئاتا ـ ئانىسى دېھقان بولغان ۋە كادىر بولغان ياشلىرىمىز چەت ئەلدە ئوقۇشنىڭ ۋە تۇرمۇشنىڭ قەدىمىنى ئاساسەن ئوخشاش پەللىدىن باشلايدۇ. سىز ئاۋۋال تىرىشىپ ئۆگىنىپ تەييار بولۇڭ، پۇرسەت، تەلەي رىزىق دېگەنلەر ئاندىن سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. مېنىڭچە چەت ئەلنىڭ مۇھىتى ھەرقانچە ئەركىن، گۈزەل ۋە باياشات بولسىمۇ، ئەمما چەت ئەلدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇھىتنى، ئىجتىمائىيلىقنى سېغىنىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتنى، كەيپىياتنى مەلۇم سان ۋە سۈپەت پەيدا قىلىدۇ. دېمەك، بۇ خىل مۇھىت ئۆز نۆۋىتىدە مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چەت ئەلدىكى ھەر بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئەتراپىدا ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشى ئىش. سىزدەك ياشلارغا نىسبەتەن، ئوقۇش يولى بىلەن كېلىش مۇمكىن. گەرچە ئۇنىڭ جەريانلىرى مۇرەككەپ، جاپالىق، ئۇزاق ۋە قىممەت بولسىمۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇش، تىجارەت ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەلگە چىقىشى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن يىلسېرى كۆپىيىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە 80 ـ ، 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چەت ئەلگە چىققانلارغا ھەۋەس قىلىدىغان بىر خىل كەيپىيات شەكىللەنگەنىدى. بۇ كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىشىنى يۈزە كۆزەتكەندە، يىپەك يولى ۋادىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا دالالىرىدا ئاتا ـ بوۋىلىرى خەلقئارا سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقئارا ئالاقىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ كەلگەن، ئەمما ئۇزاق بىر مەزگىل ئېتىلىپ قالغان بېكىنمە مۇھىتنىڭ تەسىرىدە نادان ۋە نامرات قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ دەماللىققا چەت ئەلگە چىقىشنى ماددىي جەھەتتە مەنپەئەت ئېلىشنىڭ تېز ۋە ئۈنۈملۈك يولى دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئىقتىسادنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ خۇددى بىرگە بىرنى قوشسا، ئىككى بولىدۇ ياكى يامغۇر ياغسا، يەرنى ھۆل قىلىدۇ، دېگەندەكلا ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىگە يۈرۈش قىلدى، ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى ياپونىيىگە يۈرۈش قىلدى. ياپونىيىدەك ئەمگەك كۈچى قىممەت، مائاش ئۈستۈن ۋە مال باھاسى يۇقىرى دۆلەتتە ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇپ، دەرستىن سىرت چاغلاردا ئىشلەپ پۇل تېپىپ ۋەتەنگە قايتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبەتەن باي ھالەتتە پەيدا بولۇشى، بەزى كىشىلىرىمىزگە چەت ئەلگە چىقىش خۇددى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل» دىكىدەك، چەت ئەلگە چىقىش بىلەن پۇل، بايلىق ئۆزى كېلىدىغاندەك تەسىر بەردى. ئەمەلىيەتتە بۇ تەسىرلەرنىڭ بەزىلىرى مۇھىت ۋە شارائىت ئۆزگەرگەن ئەھۋال ئاستىدىلا راست بولۇشى مۇمكىن. بەزى كىشىلىرىمىز ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ قورسىقىنى تولۇق باقالمىغان قالاق، ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرگىمۇ «چەت ئەل» دەپ چىقىپ بېقىشتى. بۇنداق دۆلەتلەرگە چىققاندىن ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە ياپونىيىگە چىقىپ كۆرۈپ باققان ياخشى. ئەگەر ئوقۇش ئۈچۈن بولسىمۇ.

ئارىمىزدا بەزىلەر ئېھتىمال بۇلارنى ئوقۇۋېتىپ، بۇ بەكلا رېئالىستىك قاراشقۇ، بىز قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار تۇرسا، دەپ ئەيىبلەش نەزەرىدە بولۇشى مۇمكىن. توغرا، بىز ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلار بار. سۆزلەپ كەلسەك، توغرا ئادەم بولۇپ ياشاشتىن تارتىپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ ياشاشقىچە، ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشتىن تارتىپ ئەۋلادلارغا ئابىدە تىكلەشكىچە بەزى مەسىلىلەرنى تالاش ـ تارتىش قىلغاندىن كۆرە، ھەر كىشى ئۆز لايىقىدا

ئىش قىلغان تۈزۈك.

ئەمما، باشقا دۆلەتلەر، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى قانچە تەرەققىي قىلغان بولمىسۇن، ئۇلارنى غايىۋى جەننەت، دەپ قاراپ ھەممە ئۇمىدلەرنى شۇ يەرگە باغلاش ئاقىلانىلىك ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، مەن تۆۋەندىكىلەرنى سىزگە ۋە سىزگە ئوخشاش ئىستەكتىكى ياشلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم:

چەت ئەلگە كېلىشتىن بۇرۇن مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

چەت ئەلگە كېلىپ ئوقۇش ياخشى ئىش، ئادەم بىر تەرەپتىن بىلىم ئالىدۇ، بىر تەرەپتىن جاھان كۆرىدۇ، دۇنيانى، شەيئىلەرنى چۈشىنىش چوڭقۇرلىشىدۇ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشاش جەريانىدا ئىنسانلىق خاراكتېرى مۇستەھكەم بولۇپ يېتىلىپ بارىدۇ. لېكىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش بىر ئادەم ئۈچۈن ھاياتتا كۆزلىگەن مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئەمەس، ئەكسىچە باشلىنىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىر قېرىندىشىمىز ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر ئوقۇغۇچى غەرب ئەللىرىدە تۇرمۇشنى باياشات ئۆتكۈزەلەيدۇ. مەسىلەن، ئازادە ياتاق، خۇسۇسىي كومپيۇتېرغا ئىگە بولىدۇ، دەپ يېزىپتۇ. ئۇنىسى راست، ئامېرىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى ئالغان ئوقۇغۇچىنى ئادەتتە ھەقسىز ئوقۇش ۋە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېيىغا 1500 دوللاردىن ئوقۇش تەمىنات پۇلى بىلەن بىر يىلدا توققۇز ئاي تەمىنلەيدۇ. (مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تەمىنلىشى ئادەتتە ئىككى يىلدىن بەش يىلغىچە داۋاملىشىدۇ). ئەگەر ئىككى ـ ئۈچ ئوقۇغۇچى بىلەن ياتاقداش بولۇپ ئېيىغا ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن 400 ـ 500 دوللار تۆلەپ، تاماقنى ئۆزىڭىز ئېتىپ يېسىڭىز، ئۇ پۇلدا كومپيۇتېرلا ئەمەس، تېخى ماشىنىمۇ ئالالايسىز. ئەگەر ئائىلىڭىز بولسا، يەنە باشقا يەردە ئاز ـ تولا ئىشلىمىسىڭىز بۇ يەردە ئۇ پۇل بىلەن ھەتتا ئۇرۇمچىدە بار بەزى تۇرمۇش سەۋىيىڭىزنىمۇ ساقلىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن. چۈنكى بۇ پۇللار بۇ يەردە ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلمۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە بۇ شەخسلەرنىڭ ئىستېمالنى تاللىشىغا باغلىق.

مۇشۇ ئىشلارنى يېزىۋېتىپ بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى، ئامېرىكىدىن تەتىل قىلىپ ۋەتەنگە قايتقاندا، بىر نەچچە بۇرادەرلەر بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇردۇق. بۇرادەرلەردىن بىرى ماشىنام بار ـ يوقلىقىنى سورىدى. يوق، دەپ جاۋاب بەردىم ۋە چۈشەنچە بەردىم. خالىسام 600 ياكى 6000 دوللارغىمۇ ماشىنا ئالالايمەن، لېكىن ھازىر زۆرۈرىيىتى يوق. مەن ئۈچۈن ماشىنا دېگەن ھەۋەس ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زۆرۈرىيەت بولسا ئالىدىغان نەرسە، دېمىسىمۇ، ئامېرىكىدەك ئىستېمال خاھىشى كۈچلۈك دۆلەتتە 3000 ـ 4000 دوللار پۇلىڭىز بولسا يېڭى ماشىنا ئالالايسىز. چۈنكى ئىناۋەتلىك كارتوچكا (كرېدىت كارد) شىركەتلىرى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىستېماللچىلارنى ئۆسۈمسىز (قىسقا مەزگىل) ۋە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بىلەن تەمىنلەيدۇ (ئىناۋەتلىك كارتوچكا ئىشلىتىش ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ پۇلىنى ۋاقىتىنچە قەرز ئېلىپ ئىشلىتىش بولۇپ، ئامېرىكا ئىقتىسادىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئالتە ـ يەتتە خىل مۇھىم قەرز شەكىللىرى يەنى ئۆي ئېلىش ئۈچۈن قەرز ئېلىش، ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەرز ئېلىش (autoloan ) لارغا ئوخشاش.

ئەمما، ئىناۋەتلىك كارتوچكا ئارقىلىق قەرز ئۈچۈن تۆلەيدىغان ئۆسۈم ئۆي ئېلىش ئۈچۈن، ماشىنا ئېلىش ئۈچۈن ئالغان قەرزگە تۆلەيدىغان ئۆسۈمگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. بۇ خىل تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرزنىڭ قىزىقتۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە يۇقىرى باھالىق تاۋارلارنى سېتىۋالغانلار مەلۇم ئىقتىسادىي بېسىمنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، خالاس.

ئەپسۇسكى، ئوقۇش تۈگىگەن ھامان ئوقۇش مۇكاپات پۇلىڭىزمۇ توختايدۇ. دېمەك، مەيلى ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇڭ ياكى دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇڭ، خۇددى بۇ تاغقا چىققاندەك بىر ئىش. تاغقا چىققاندىن كېيىن ھەمىشە تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇۋالىدىغان ئىش بولمايدۇ. بەربىر چۈشمەي ئامال يوق، مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە. ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىدا قانۇنلۇق تۇرۇشىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ئادەتتە ماگىستىرلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىل، دوكتورلار بىر يېرىم يىل ئۆز كەسپىدىن پراكتىكا قىلىش پۇرسىتى بار. ئەگەر شۇ جەرياندا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار خىزمەت تېپىپ شىركەتنىڭ

قوللىشىغا ئېرىشەلىسە، ئامېرىكىدا تۇرۇش سالاھىيىتىنى تەگشىگىلى بولىدۇ. بولمىسا كەلگەن يېرىگە كېتىشى كېرەك. كەتمىسە، قوغلىۋەتمەيدۇ، ئەمما قانۇنسىز بولۇپ ھەر جەھەتتىن قىيىنىلىدۇ. ئامېرىكىغا كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال ئوقۇيدۇ، ئۇنىۋانىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئامېرىكىلىق ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن رىقابەتلىشىپ خىزمەت تاپىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇپ خىزمەت تاپالمىغىنى يوق ئىكەن. دېمەك، بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇپ خىزمەت تاپالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەڭ (باشقىلار قىلالىغاننى سىزمۇ قىلالايسىز!) مېنىڭچە باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

شۇڭا ئوقۇشقا كەلگەندە، ئوقۇغاندا مۇشۇ نەرسىلەرنى ئويلىنىپ، كەسپىنى تەگشەشكە توغرا كەلسە ئىككىلەنمەي تەگشەپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كەسپلەرنى ئوقۇش كېرەك. كاپىتالىستىك ئىقتىساد — ئىقتىسادىي دەۋرىيلىك ئاساسىدىكى ئىگىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا قەرەلسىز ھالدا ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق، كاساتلىق ۋە گۈللىنىش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىقتىساد گۈللەنگەن چاغدا ئەمگەك بازىرى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىپ، ئازراق تېخنىكىلىق بىلىملىرىڭىز ۋە تەجرىبىڭىز بولسىلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كېتەلەيسىز. ئىقتىساد ناچارلاشقاندا، يەنى تۇرغۇنلۇق ۋە كاساتلىششقا قاراپ يۈزلەنگەندە ئىشسىزلىق كۆپىيىپ، شىركەتلەر ۋەيران بولغاندا خېلى ئوبدانلا تەجرىبىڭىز ۋە قابىلىيىتىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئىشچىماي قېلىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە بۇ جەھەتتە ئەھۋال كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتقىنى پۇل مۇئامىلە ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كومپيۇتېرغا ئالاقىدار كەسپلەردۇر. ئۇنداقتا، بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلار ئۈچۈن زادى قانداق كەسپلەرنى ئوقۇغاندا ئاندىن نىسبەتەن خاتىرجەم خىزمەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بەزىلەر مۇشۇ سوئالنى قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئېنىق ۋە مۇتلەق جاۋاب يوق. ئەمما، مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، سەھىيە، تېببىي داۋالاش، دورىگەرلىك، بىئولوگىيىلىك تېخنىكا ۋە بوغالتىرلىق، سۇغۇرتا مۇلازىمىتى كەسپلىرىنى ئوقۇغانلار ھەمدە نوپۇزلۇق ئالىي مەكتەپتە دوكتورلۇق ئوقۇپ، نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغانلارنىڭ (ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ) خىزمەتكە ئېرىشىشى ۋە خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىشى نىسبەتەن يۇقىرى. ئەلۋەتتە، بۇ مۇتلەق ئىش ئەمەس. يەنىلا شەخسنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئوقۇشقا چىققانلار ئىچىدە ئۆز ئەقىل ـ پاراستى ۋە تالانتى بىلەن ئامېرىكىدىكى دۇنياغا مەشھۇر دورا شىركەتلىرىدە، سانائەت شىركەتلىرىدە، پەن ـ تېخنىكا ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىپ شۇلارنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك باشقۇرۇش قاتلاملىرىغا كىرەلىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمۇ بار. ئادەتتە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدا، ئوقۇشقا كەلگەن بىر ياش ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدىغان مەزگىل بولىدۇ ـ دە، توي قىلىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ بىر ئۆينى باشقا كىيدۇ، سەممىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، چەت ئەلگە كېلىپ ئوقۇپ، ئىشنى نۆلدىن باشلاپ، ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارماق ئوڭاي ئەمەس. يۇرتىمىزدا ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىش بىلەن نيۇ ـ يوركتا ياكى توكيودا ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىشنىڭ پەرقى كۆپ. يەنە بىر قېرىندىشىمىز جاھاندا قازاننىڭ قۇلىقى ھەممىلا يەردە تۆت، دەپ يازدى. يەنە بىر قېرىندىشىمىز قازاننىڭ قۇلىقى بەزى يەردە تۆت ئەمەس، ئالتە دەپ يازدى، ئادەملەر پىكىر قىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشتا، ھاياتتا كۆرگەنلىرىگە، باشتىن كەچۈرگەنلىرىگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىپ سۆزلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىق. جۈملىدىن ئاشۇ ئىككى قېرىندىشىمىزمۇ شۇنداق، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ پىكرىدە مۇئەييەن توغرىلىق بار. ئامېرىكا جەمئىيىتى نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە كىشىلەر شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە بەك چوقۇنىدۇ. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كونكرېتلاشقان شەكلىنى دوللار ياكى ئىككىنچى بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ماددىي بايلىق بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇ يەردە كىشىلەر ئارا ئالاقە ۋە دوستانىلىك، مېھىر ـ مۇھەببەت سۇس. ئېھتىمال بۇ تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىن كېلىدىغان بېسىمنىڭ ئېغىرلىقىدىندۇر ۋە ياكى ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. سىزمۇ بۇ جەمئىيەتتە ياشىغان ئىكەنسىز، ئوخشاش مە-

2003.5

سىلىگە دۇچ كېلىسىز. يۇرتىمىزدا بىز نىسبەتەن ئازادىرەك ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان، دەماللىققا بۇ بېسىملار ئېغىر كېلىدۇ. بۇ بېسىملارنى يوق قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ـ مۇقىم بىر خىزمەت ۋە يۇرتداشلار بىلەن دۇنيانىڭ نەرىدە بولمىسۇن، مەلۇم مۇناسىۋەتنى ساقلاش. تۇراقلىق كىرىم ھەر ھالدا نۇرغۇن غەم ـ ئەندىشىلەرنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە ھېچكىم سىزگە خىزمىتىڭ مۇقىم دەپ كاپالەت بېرەلمەيدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ ئالاھىدىلىكى. مېنىڭ يۇقىرىدا كەسىپ تەڭشەش زۆرۈر بولسا تەڭشەش كېرەك دېيىشىم، مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان، بولمىسا ئىشسىز قالىدىغان گەپ. ھەتتا ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىمۇ ئىشسىز ياكى يېرىم ئىشسىز ھالەتلەر مەۋجۇت. ئىش بولمىسا قانداق قىلىدىغان گەپ؟ كۈندىلىك ھايات بىز ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىش ئىزدەپ ۋەتەندىكى بەزى ياسىما سۆلەتلەرنى تاشلاپ ئاشخانىدا، كىرخانىدا، دۇكانلاردا ئىشلەيدىغان گەپ، ئازراق قاملاشتۇرالىسا تاكسى ھەيدەيدىغان گەپ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ ئەمگەك، ئەمگەك قىلىپ ئۆزىنىڭكىنى تېپىپ يېيەلىگەن ئادەم يەنىلا شەرەپلىك.

خوش، قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت دېگەن قېرىندىشىمىز يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ دېگەن بولۇشى مۇمكىن، دېمەك، ئۇ يالغان گەپ ئەمەس. ئەمدى قازاننىڭ قۇلىقى ئالتە دېگەن يەرگە كەلسەك، بۇنى دېگۈچى قېرىندىشىمىزنىڭ تەلىيى ۋە قابىلىيىتى بار ئىكەن، ئۇ ئۆزى دېگەن شارائىتقا ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرىمۇ راست. ئەمەلىيەتتە دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار ياكى ئەمەسلىكى شۇ دۆلەتنى تىرەپ تۇرغان ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ سىياسەت، قانۇن ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنىڭ بايلىقنى كىشىلەرگە تەڭشەشتە ئادىل ۋە ھەققانىي بولغان مۇھىتنى يارىتىپ بېرىش ـ بەرمەسلىكىگە باغلىق. ئامېرىكا ئىقتىسادى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى بازار مېخانىزمى ئارقىلىق ئايدىلىندىغان ئىگىلىك. بۇ جەمئىيەتتە خۇسۇسىي ئىگىلىك قوغدىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسە قانۇنىي جەھەتتە سىزگە تەۋە ئىكەن، ئۇنى سىزدىن ھېچكىم تارتىپ ئالالمايدۇ. باي بولۇش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىش كەتمەيدۇ، سىزدە بىلىم، ئىگىلىك تىكلەشتە زۆرۈر بولغان ئۆزگىچە تىجارەت ئىدىيىسى ۋە مەلۇم سوممىدىكى باشلانما كاپىتال بولسا بولدى. ھېچكىم سىزنى چەكلىمەيدۇ، كۆپ ئىشلىدىڭ، ئىشلىمىدىڭ، جىق تاپتىڭ، ئاز تاپتىڭ دېمەيدۇ. ئەمما خۇسۇسىي كىرىم بېجى ۋە تىجارەت بېجىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تاپشۇرسىڭىزلا. گەرچە بۇ يەردە كەم دېگەندە پارچە ـ پۇرات ئىش چىقىپ تۇرسىمۇ (باشقا كەلگەندە ئامال يوق) لېكىن بىر ئۆمۈرنى بۇنداق ئىشلەپ ئۆتكۈزۈش قورقۇنچلۇق. شۇڭا بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، يەنىلا تېخنىكىلارنى ئۆگىنىپ، ياخشى خىزمەتلەرنى تاپقان ئەۋزەل. بۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن. دېمەك، خۇلاسە كالام، بۇ يەردە ۋەتەندىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ سىستېما جەھەتتىن باشقىلاردىن پەرق قىلىدىغان يەنە بىر تەرىپى، قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ ھەرقانداق پەرەز بىلەن ئىسپاتسىز ھالدا كىشىنى تۇتۇپ تۇرۇش، سوراق قىلىش ياكى جازالاش يەنى قانۇننى دەپسەندە قىلىش ھوقۇقى يوق. ئۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. مېنىڭچە، قازاننىڭ بۇ يەردە ئالتە قۇلىقى بار، دېگەن قېرىندىشىمىز مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان. يەنە كىمدۇر بىرى ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ يەردە ھەقسىز داۋالىنىش، بىكارلىق ئۆي، ئىش بولمىسا، پۇل بېرىشلەر بار دېگەندەكلەرنى يازدى. بۇ ئېھتىمال كۆپرەك كىشى چەت ئەلگە چىقسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلغۇچىلارنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن دېگەن گېپىدۇر. مېنىڭچە ئۇ خىل قاراش ھېچنېمىگە قارىماي جان بېقىش مۇھىم دېگەندەك تەسىر بېرىدىكەن. مەلۇم مەزگىل، ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇ خىل شارائىتتىن بەھرىمەن بولۇشقا بولىدۇ. ئەمما، ئۇنى مەقسەت قىلىپ چەت ئەلگە چىقىش، ئوقۇشقا چىقىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق ياكى ئەرزىمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئوپالنىڭ چامغۇرىدا ئوماچ ئىچىپ، تۇرپاننىڭ كارىزلىرىدا ئاققان سۇغا زاغرا چىلاپ يەپ ئاشۇ يەردە ئۆز خەلقى بىلەن ياشىغان ياخشى.

خۇلاسىلىگەندە چەت ئەلگە كېلىش، ئوقۇشقا چى-

قىشنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇسبەت ۋە مەنپىي تەرەپلىرى بار، ھەممىنى ئويلىشىپ، كۆڭۈلنى توختىتىپ، ئىدىيە جەھەتتە ياخشى ـ يامانغا تەييارلىق كۆرۈپ، ئىنگلىز تىلىنى ئاشۇ يەردىلا پۇختىلاپ، كەسپىي ئاساسىنى ئوبدان سېلىپ، TOFEL, GRE ئىمتىھانلارنى بېرىپ، ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ كېلىش كېرەك. بولمىسا تارتىدىغان جاپا باشتىلا كۆپ بولۇپ كېتىپ، ۋايسايدىغان، مەسلەھەت بەرگەنلەردىن، ياردەم قىلغانلاردىن ئاغرىنىدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە باشقىلار بىلەن يىراقلىشىپ، پسىخىكا جەھەتتىن نورمالسىز بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. ئەينى چاغدا بېرىۋالساملا ھەرقانداق جاپا بولسا چىدايمەن، مەن دېگەن ئەركەك، دېگەن گەپنى دېمەك، ئېلېكترونلۇق خەت ياكى فاكستا يازماق ئوڭاي، رېئال تۇرمۇش دېگەن رەھىمسىز، ئۇنى باشتىن كەچۈرمىگۈچە ئادەم بىلمەيدۇ (مەن ھەتتا تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ تۇرۇپمۇ، ۋايسىغان ئادەملەرنى كۆرگەن). ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئادەم ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن، خەلقىدىن ئايرىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگىچە ھەتتا خىزمەت تېپىپ بىر مەزگىلگىچە تەنھا ھالدا ئوقۇش، ئىشلەش، ئىشلەش يەنە ئىشلەشتىن ئىبارەت بىر خىل تۇرغۇن تۇرمۇش ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ياشايدىغان گەپ. ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، تۇغقانلىرىمىز ۋە جۈملىدىن خەلقىمىز چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ياشلىرىمىزدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. بەزى ئادەملەردە شۇ ئۈمىدلەرنى ئاقلىغۇدەك ئارمان بولسىمۇ، دەرمان بولمايدۇ، بەزىلەردە دەرمان بولسىمۇ، ئۇنداق يۈرەك بولمايدۇ، يەنى بەزىلەر ئۆز لايىقىدا ئەلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشىدۇ. دېمەك، چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىشى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەردە تۇغۇلغان بالىلارنىڭ تىلى ئىنگلىزچىدە راۋان، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەسئۇلىيەتچان ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆگەتكەنلىرىلا ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ. يىل دېگەن ئۆتۈۋېرىدۇ، چوڭلارمۇ قېرىپ تۈگەيمىز. ئاشۇنداق كېتىۋەرسە كېيىنكى ئەۋلادلار بۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش كۈچى زور بولغان جەمئىيەتتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ، بۇ يەردە خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ قالغان كۆپچىلىك ئاتا ـ ئانىلارنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ئاڭلىسام، ئاز ساندىكى ئادەملەر بۇ دېگەن «دېموكراتىك»، «ئەركىن دۆلەت» دەپ يۈرۈش ـ تۇرۇشتا بەكلا ئەركىن ئىكەن، توغرا، ھەركىمنىڭ ئەركىنلىكى بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ نەگىلا بارساق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى ۋە مەدەنىيىتىمىزنى يوقىتىپ قويمىغىنىمىز ياخشى. قىسقىسى، بۇ يەردىمۇ يول ئۇنچىۋالا تۈز ئەمەس. ھەممىگە مېھنەت ۋە بەدەل كېتىدۇ.

مەن يەنە بىراۋنىڭ يۇرتتىن ئايرىلغانغا نەچچە يىل بولۇپمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ قويمىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېرىلىقى، سەت ئىكەنلىكى بىلەن نومۇس قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم. يەنە بىراۋنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتداشلىرىنىڭ جاھاندارچىلىقنى بىلمەيدىغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ سۆزلىگىنىنى ئاڭلىدىم. مانا بۇلار ئاز ساندىكى ئاتالمىش چوڭ سۆزلەيدىغانلارنىڭ ئاغزىدىن چىقۋاتقان گەپ. ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن، يۇرتداشلىرىدىن چانغان، ئۇ خىل ماڭقۇرتلارچە ئىدىيىگە ئىگە ئادەملەردىن نېمە ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن؟ مەن سىزنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئۆزىنىڭ بىغۇبار بالىلىقىنى يېتىلدۈرگەن مېھنەتكەش، ساددا، سۆيۈملۈك يۇرتداشلىرىدىن ۋە يەر شارىنىڭ ئەڭ گۈزەل ھۆسنىگە جايلاشقان مۇھەببەتلىك سەھرايىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئۆز خەلقىگە ئىلاجىسىزلىقتىن مەنپەئەت يەتكۈزەلمىگەندىمۇ، ھەرقانچە قىيىن ئەھۋالدىمۇ خىيانەت قىلمايدىغان، زىيان سالمايدىغان ۋاپادار، ۋىجدانلىق ئۇيغۇر پەرزەنتى دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭ ئوچۇق خەتنى يېزىشىم گەرچە ئەرزىمەس بولسىمۇ، سىزگە بولغان ئاشۇ خىل ئۈمىد ۋە ئىستەكتىن تۇغۇلدى. ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق، روھىڭىزغا جاسارەت تىلەپ قەيسەر مىجەت.

ئامېرىكا بوستون

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

زونون قادىرى

# چوكان باخشى



چوكان باخشى قوشما قاش، ئاھۇ كۆز، ئۇزۇن كىرپىك، سۈت رەڭ، ئوتتۇرا بوي، 30 ياشلاردىكى گۈزەل بىر ئايال ئىدى. ئۇ پىرە ئويناۋاتقان ئۆينىڭ ئەتراپىدىن نۇرغۇن يىگىتلەر ئەگىپ كېتەلمەي تاڭ ئاتقۇچە ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئەمما چوكان باخشى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن بۇ مەستانىلەرگە ھېچبىر ئىلتىپات قىلىپ قارىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پىرە بولغان ئۆيگە پوخۇر، بىۋەك يىگىتلەرنى كىرگۈزمەيتتى. ئەكسىچە ھاراق ئىچمەيدىغان، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان سوپى كىشىلەرنى ۋە ئاياللار بىلەن بىزدەك گۆدەكلەرنىلا يىغىۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پىرە ئوينىغاندا داپ چېلىپ، غەزەل ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى كۆزى ئەما ھەسەن قارى دېگەن داپچىنى تاللىۋالغانىدى. چوكان باخشى قەيەردە پىرە بولسا بىزگە ئوخشاش پىرىگە ھەۋەسكار ياش باللارغا ھەسەن قارى داپچى بىلەن يۇنۇس قارى دېگەن داپچىنى يېتىلتىپ ئېلىپ باراتتى. شۇڭا مەن پىرە بولىدىغان ئۆيگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن كۆپىنچە ھەسەن قارىنى يېتىلەپ، ئۇنىڭ داپ ۋە خەنجەر سېلىنغان خورجۇنىنى كۆتۈرۈپ باراتتىم.

چوكان باخشى ئاجايىپ ماھىر باخشى ئىدى. ئۇنىڭ پىرە ئويۇنى تەرتىپلىك ۋە سۈرلۈك ئۆتەتتى. پىرە مۇقامىنىڭ كىرىش قىسمى ـ «ئاۋۇش» ئوقۇلۇپ بولۇپ نەغمە ۋە ئۇسسۇل پەدىسى باشلانغاندا، ئۇ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى چۇۋۇپ، يەرگە سۆرۈلۈپ

تۇرىدىغان ئۇزۇن ئاق شايى كۆڭلەكنى كىيىپ، «تۇغ» ئەتراپىنى چۆگىلەپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئۇ پىرقىرىغاندا شايى كۆڭلەكى كۆپۈپ، ئېتەكى ئۆيدە لىق ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغىچە يېتىپ كېلەتتى. بۇ ئايالنىڭ پىردىلىكىنى شايى كۆڭلەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسى، ئاق كۆڭلەكنىڭ ئۈستىنى چۈمكەپ ئۇچۇپ يەلپۈنۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى، لەپىلدەپ تۇرغان كىرپىكى ئاستىدىكى جادۇ كۆزلىرى قاراپ تۇرغۇچىلارنى مەپتۇن قىلاتتى. ئۇ پىرقىرىغاندا كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى ۋە قارا يىپەك يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق چېھرىسى كىشىنى رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلار مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيالغا چۆمدۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۇسسۇلى ھەقىقەتەنمۇ جۇشقۇن ۋە نەپىس ئىدى.

چوكان باخشىنىڭ بۇ گۈزەل ئۇسسۇلى يەنە قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا سىرلىق خىيالى كارتىنىلارنى گەۋدىلەندۈرەتتى. مەسىلەن، ئۇ ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە سوزۇپ ۋە يىغىش ئارقىلىق بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋالغان، ئۇنى باشقىلارغا چېچىپ بېرىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيتتى. بۇ مەزمۇن جەھەتتىن كېسەل يۇقتۇرغۇچى جىنلارنى يىغىۋېلىپ، پىرە ئويناتقۇچى ئۆي ئىگىسىنىڭ كېسىلىنى شۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىرغىتىپ قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان مەنىگە ئىگە ئىدى. پىرە ئوينىغۇچى چوكان باخشىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئاسارىتىدىن قالغان ئىپادىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئويناپ بەرگەن ئۇسسۇلى كۆرگۈچىلەرگە زوق بېغىشلاشتىن تاشقىرى سىرلىق، قورقۇنچ تۇيغۇلىرىنىمۇ چاچاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاددىي بىر سەنئەتكارلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى سۈرلۈك، ئاجايىپ ـ غارايىپ خىسلىتى بار، غايىپنى بىلگۈچى بولۇپ تۇيۇلاتتى.

ئۇنىڭ غايىپتىن پىرە ئوينىتىۋاتقان كېسەلگە كۆرسىتىدىغان بىر تۈرلۈك سىرى «چىراغ يېقىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيدە باشقا چىراغلار ئۆچۈرۈلۈپ، چوڭ نوكچا (چىۋىقا پاختا ئوراپ سۇ يېغىغا چىلانغان پەلكۈچ) يېقىلىدۇ. باخشى ئۇنى كېسەلنىڭ كۆزىگە ئەپكېلىپ:

— ئوتنىڭ ئىچىگە قارا، — دەيدۇ. كېسەل پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئوتقا تىكىلىدۇ. باخشى كارامەت كۆرسىتىپ:

— ئەنە قارا، تامنى ئاتلاپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىۋاتقان، تۈكلىرى سالۋاراپ كەتكەن يوغان بىر ئالا ئىت قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ چىشلىرىنى ھىجايتىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سىزگە قاراپ تۇرىدۇ، كۆردىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق كۆردۈم، — دەيدۇ كېسەل نوكچىدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

باخشى يەنە تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

— ئەمدى ئاۋۇ بۇلۇڭغا ئارقىسىنى قىلىۋالغان، چاچلىرى چۇۋۇق، قىپقىزىل كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ سىزگە ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان سېرىق خوتۇننى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەيدۇ كېسەلگە.

— ھە، ھە، كۆردۈم، كۆردۈم — دەيدۇ كېسەل.

— سىزگە كېسەل يۇقتۇرغان جىن ـ ئالۋاستىلار شۇ، — دەيدۇ باخشى خەنجەرنى كۆتۈرۈپ، شۇنىڭدىن كېيىن چوكان باخشى: «چىق، چىق، بۇ ئۆيدىن چىق، چىقمىساڭ خەنجەر سالىمەن» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تىكىلىدۇ، غەزەپتىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ تۇرىدۇ.

مانا بۇ ۋاقىتتا باخشىنىڭ كۆرسەتكەن كارامىتى نېمە؟ ئۇ باخشىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەپ گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ۋاستىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق كېسەلنى سېھىرلىشى، چۈنكى قاراڭغۇ ئۆيدە جىن بىلەن ئالاقىسى بار باخشى بۇ يەرگە ئەمدى جىن ـ ئالۋاستىلارنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن سوراق سورايدۇ، دېگەن چۈشەنچىدە سۈر بېسىپ تۇرغان كېسەلنىڭ خىيالىدا باخشى گەۋدىلەندۈرگەن بايىقى ئوبرازلار كۆز ئالدىغا كەلگەندەك بولىدۇ، پۈتۈن ئۆينى قورقۇنچ قاپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن باخشىنىڭ بايىقى قىياپىتىدە تېخىمۇ سۈر پەيدا بولىدۇ، ئۆيدە ئولتۇرغانلار: باخشى راستىنلا جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتسا كېرەك، دەپ ئىشىنىپ قالىدۇ.

ئەمدى باخشى كېسەلنى تۇغ چۆگىلىتىپ (ئارغامچا تۇتقۇزۇپ پىرقىرىتىپ) چارچىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئارغامچىغا ئارقىسىچە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ تېنىدىكى جىن ـ ئالۋاستىلار يۇقتۇرغان كېسەللەرنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن

خەنجەر ئويۇنى باشلايدۇ. باخشى ئىككى ـ ئۈچ تال قوڭغۇرىقى بار كۈمۈش خەنجەرنى داپ ـ دۇمباقنىڭ رىتمىگە كەلتۈرۈپ، كېسەلنىڭ پېشانىسىدىن يوتىسىنىڭ ئۇچىغىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىغىچە يېنىك ئويىنتىپ سانجىپ چىقىدۇ. ئۇ ھەر بىر خەنجەر سانجىش ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، «ھە، چىق، چىق، چاپسان چىق ... ئەسكى تاملارغا بار، كونا تۆگمەنگە بار ... چىق، چىق ... ھەي، ھەي ...» دەپ ۋارقىرايدۇ، ئۇ يەنە پەگادا تويلىشىپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئالدىغا بىر قولىدا قامچا، بىر قولىدا خەنجەر تەڭلەپ كېلىپ، «ئاللا دە، ئاللا...» دەپ ئۇستىمىزدىن قامچا پىرقىرىتىدۇ. بىز قورقۇپ كېتىپ «ئاللا، ئاللا ...» دەپ توۋلايمىز. ئەگەر ئاۋازىمىز بوشراق چىقسا، ئۇچىمىزغا بىرەر ـ يېرىم قامچىمۇ تېگىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بار كۈچىمىز بىلەن «ئاللا ... ئاللا» دەپ ۋارقىرايمىز.

بىزنىڭ مەھەللىدە بولغان بىر پىرىدە مەن چوكان باخشىنىڭ پال ـ پۇل قىلىپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزىگە، قولىدىكى ئادەمگە ھېلى سانجىۋېتىدىغاندەك پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش خەنجىرىگە ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپ قاپتىمەن، شۇ ھازادا ئۇنىڭ باش ئۇستىمىزدە پىرقىرىتىۋاتقان قامچىسىنىڭ ئۇچىدىكى قىزىل پۆپۈك مەڭزىمگە خېلىلا چىڭ تېگىپ كەتتى. چۆچۈپ كېتىپ ھەممە بالىلاردىن قاتتىقراق «ئاللا، ئاللا» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. پىرە تۈگىگەندىن كېيىن چوكان باخشى يېنىمغا كېلىپ: «قورقۇتۇڭمۇ تەنتەك» دەپ ئېڭىكىمنى تۇتۇپ ئەركىلەتتى. ئۇ جىنلارغا ۋە بەتقىلىق كىشىلەرگە قاتتىقلىق قىلغىنى بىلەن ياخشى كىشىلەرگە ۋە بالىلارغا مېھرىبان ـ يۇمشاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. مەن بەش ياش ۋاقتىمدىلا ئانامدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئانا مېھرىگە قانمىغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا مېھرىبانلىق قىلىدىغان ئاياللارنى ئۇچراتسام سۆيۈنەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل باخشى خېنىمنىڭ مېھرلىك يۇمشاق، ئىسسىق قولى ئېڭىكىمگە تەگكەندە تېنىمدە ئانا مۇھەببىتىنىڭ ئىسسىق يالقۇنى سىيپاپ ئۆتكەندەك يېقىملىق تۇيغۇ سەزگەنىدىم. مەن ئۇنىڭغا ئانامغا ياكى ئۇ تېخى ياشراق بولغانلىقتىن، ھەدەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ داپلىرىنى، خەنجەر بىلەن كانىيىدىن تامغا سانجىپ قويغان، ئەمما ھېكمەت نەتىجىسىدە ئۆلمەي ساق قالغان توخۇسىنى، تۇغ باغلىغان ئارغامچىسىنى ۋە چىنە ـ قوشۇقلىرىنى (بۇ نەرسىلەرنى بىر قانچە پۇل ۋە رەختكە قوشۇپ، كېسەل ئىگىسى باخشىغا بېرەتتى) خورجۇنغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرەتتىم.

مەن ئۇنىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىغا خالىس خىزمەت قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ مېنى پىرىگە كىرگۈزەتتى ۋە قۇيماق بېرىپ بېشىمنى سىلايتتى. مەندىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭراق بالىلار، مەسىلەن، مەھەللىمىزدىكى ھەيدەرگە ئوخشاش چۈجە ـ خورازلار چوكان باخشىغا قانات سۆرەپ يۈرگەچكە، چوكان باخشى ئۇنداقلارنى پىرە ئوينىتىلىدىغان ئۆيگە ياكى ئىشكى ئالدىغا يولاتمايتتى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نۇرغۇن كىشىلەر كۆيۈپ يۈرۈشەتتى، بىراق ئۇنىڭغا پېتىنىپ چاقچاق قىلالمايتتى ياكى ھېيىقىپ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشمەيتتى. ئەمما بەزىبىر زۇغۇي، كۆرەلمەسلەر «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۇستىدىن ھەر خىل يامان گەپلەرنى تارقىتاتتى. چوكان باخشى بۇ يامان غەرەزلىك گەپلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي يۈرۈۋېرەتتى، ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاپ يۈرگەنلەر تىلىنى چىشلەپ قالاتتى.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

بۆلۈمىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2002 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

ئېھتىياجى بولغانلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلەشكۈچىلەر: **ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتىمىن**

تېلېفون: 4554017

# كىم خاتا قىلدىكى دېيەلسۇن



2003 .5

ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئوغلۇم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئىشلاردا ئىختىلاپ كۆرۈلدى. لېكىن ئۇنىڭكىنى خاتامىكىن دېسىگىز گەپ ـ سۆزى ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھىت، ئەنئەنىۋى قاراش، تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىقتىن بولغان دېمەسلىككە ئامالسىزمەن.

ئوغلۇم بىلەن بىر نەچچە قېتىم ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاشقا كەلدىم. شۇ جەرياندا بىر مۇنچە قىزىقارلىق ئىشلارغىمۇ يولۇقتۇم. بىر قېتىم تاكسىدا كېتىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز تاكسىنىڭ ئالدىدىن بىر ۋېلىسىپىتلىك كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. شوپۇر شۇ ھامان دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ «ئاناڭنى × × » دەپ تىللىدى، ئوغلۇم بۇ سۆزنى (خەنزۇچىسىنى) ئامېرىكىدا پەقەت ئاڭلاپ باقمىغاچقا مەندىن:

— ئاپا، ئاناڭنى × × ، دېگەن نېمە گەپ؟— دەپ خەنزۇچە سورىدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. دەرھال ئوغلۇمغا ئىنگلىزچە «ئاغزىڭنى يۇم» دېدىم. ئەلۋەتتە مەن ئوغلۇمنىڭ ۋەتەندىكىلەرگە بولغان قارىشىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن ـ دە.

ئوغلۇم گېپىمگە كىرمىدى، بەلكى ماڭا ئىنگلىزچە «مۇئەللىم بىزگە بىلمىگەن ئىشلارنى سوراپ بىلىۋېلىڭلار دېگەنىدى، دەپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئامالسىز ئوغلۇمغا بۇ سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى سەت گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم ھەمدە:

— بۇنداق ئادەم تىللايدىغان گەپلەرنى ئۆگەنمە،— دەپ نەسىھەت قىلدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئوغلۇم:

— پاھ، پاھ قالتىسكەن ئەمەسمۇ، ئادەم تىللايدىغان گەپلەرمۇ بىر خىل مەدەنىيەت، ئاپا، سىز نېمىدىن ئەنسىرەيسىز، ئاناڭنى × × نېمە دېگەن قالتىس گەپ بۇ!— دەپ سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى رازىمەنلىك مېنى خېلىلا چۆچۈتۈۋەتتى. بۇنداق سالجىدەك يېپىشىۋېلىپ سوراپ بىلىۋېلىشنى ئۇنىڭغا قانداق مۇئەللىم ئۆگەتكەندۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا ئاپام بىلەن مەن بولغان بولسام ئاللىقاچان تەستىكمگە بىر كاچات يېگەن بولاتتىم.

بىز خەلق سارىيىنى كۆرگىلى باردۇق. خەلق سارىيىغا كىرگەندىن كېيىن ئوغلۇم يەنە مېنى خاپا قىلغىلى تۇردى. مەن ئوغلۇمغا بالىلىق چاغلىرىمىزدا خەلق سارىيىدا ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئويۇن قويغانلىقىمىزنى، ئۇ چاغدىكى

كۆڭلىرىمىزنىڭ قانداق كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرىۋاتسام ئوغلۇم ماڭا گەپ قىلماسلىقنى ئىشارەت قىلدى. سەۋەبى مېنىڭ ئاۋازىم باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزارمىش. گەرچە مەن شىۋىرلاپ سۆزلىسەممۇ بولمايمىش، شۇنچە چوڭ خەلق سارىيىنىڭ ئىچىگە مېنىڭ ئاۋازىم قانچىلىك تەسىر قىلىپ كېتەر دېگەنلەرنى ئويلاپ بەك ئاچچىقىم كەلدى. شۇنداق قىلىپ بىز ئۈن - تىنسىز ئۈچىرەتتە مېڭىپ 2 - قەۋەتكە چىقتۇق. ئۆچىرەتتىكىلەرنىڭ قەدىمى سەل ئاستىلىدى. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر تۆۋەن قەۋەتتىكى خىزمەتچى ئايالنىڭ كانايدا:

—تۇرۇۋالماڭلار، تېز مېڭىڭلار!—دېگىنىگە قۇلاق سالماي توپنى توسۇپ توختاپ تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشمەكتە ئىدى.

بىز ئۇكيان ئاتلاپ كەلگەندىكىن بىرەر پارچە سۈرەتكە چۈشۈپ قويايلى دېگەنلەرنى ئويلاپ ئوغلۇمنى سۈرەتكە چۈشۈشكە دەۋەت قىلدىم، بىراق ئوغلۇم سۈرەتكە چۈشۈشنى رەت قىلدى ھەمدە ئۆپكىدەك قىزىرىپ:

—تۇرۇۋالماڭلار، تېز مېڭىڭلار دېگەننى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ ئاپا، نېمىشقا بىز گەپ ئاڭلىمايمىز،—دەپ خاپا بولدى. يەنە ئەتراپىمىزدىكىلەرگىمۇ نەسىھەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكىلىق ئوغلۇم مېنى گەپمۇ قىلدۇرمىدى، سۈرەتكە چۈشۈشىمىزگىمۇ يول قويمىدى.

ئامېرىكىدىمۇ شۇنداق بىر ئىشقا يولۇقتۇم. بىر كۈنى باللارنى ئېلىپ دوستلار بىلەن داڭلىق بىر مېھمانسارايغا ئېكسكۇرسىيىگە باردۇق. ئادەم بەك كۆپ بولغاچقا لىفتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا «مېھمانسارايغا چۈشكەنلەردىن باشقىلار لىفتنى ئىشلەتمەڭلار» دەپ چاپلاپ قويۇپتۇ. بۇنى ھەممەيلەن كۆردۇق. ئەمما، بىز (ئامېرىكىدا ئوقۇپ ئۇنىۋان ئالغانلار) ھېچكىمنى كۆرمىگەندەك لىفتنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاپ تۇردۇق، لىفت كېلىۋېدى بىز بىر توپ «ۋەتەنلىكلەر» لىفتكە قىسىلىپ چىقىۋالدۇق. ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان باللىرىمىز بولسا چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار بىزگە ئاچچىقلىنىپ «بۇ لىفتكە چىقىشقا بولمايدۇ، تېز يېنىپ چىقىڭلار» دېدى. بىز «بۇ لىفتتە ھېچكىم بولمىسا، بوش تۇرسا، چىقساق نېمىشقا بولمىغۇدەك» دېگەنچە ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدۇق. باللار گېپى ئۆتمىگەندىن كېيىن بۇرۇلۇپلا ياندىكى پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى. بىز ئۇلارنىڭ جاھىللىقىغا ھەيران بولدۇق، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇلارنى بىنانىڭ ئۈستىدە ھاسىراپ - ھۆمىدىگەن ھالەتتە ئۇچراتتۇق. ئۇلار بىزگە «جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى سىلەردەكمۇ؟» دەپ ئاچچىقلاندى.



ھەممىدىن ئاچچىقىمنى كەلتۈرگىنى مۇنداق بىر ئىش بولدى. بالامنى مەكتەپكە ماشىنامدا ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم. بۇرنۇم قىچىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز بۇرنۇمنى كوچىلىدىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ئوغلۇم بۇ قىلىقىمنى كۆرۈپ «ئاپا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بۇرنىڭىزنى كولىماڭ» دېدى. «ماشىنىدا تۇرسام كىم ماڭا دىققەت قىلىدۇ» دېدىم مەن. «باشقىلارنىڭ كۆرمىگىنىنى سىز قانداق بىلىسىز، مانا مەن كۆردۈمغۇ، بۇ قىلىقىڭىز بولمىدى» دېدى ئوغلۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن لام - جىم دېمەي شۈك بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كىم خاتا قىلدىڭ دېيەلىسۇن؟

---

(چىڭ جىن (ئامېرىكا) ئىمزالىق بۇ ماقالە «ياشلارغا پايدىلىنىش» گېزىتىنىڭ 990 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ يۇگۇنى ھەققىدە



تا. رەشىد جەلىل قارلۇق

2003.5

ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە نامى 裕固族 ، ئۇيغۇرچە يۇغۇر ياكى سېرىق ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت بار.

بىز مەزكۇر ماقالىدە يۇغۇرلار (سېرىق ئۇيغۇرلار) نىڭ ئۆزىنى قانداق ئاتايدىغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ مىللەت نامىنىڭ قانداق قىلىپ 裕固族 شەكلىدە ئومۇملاشقان-لىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ يۇگۇنى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

يۇگۇنكى خەنزۇ ئەدەبىي تىلىدا 裕固族 شەكلىدە ئىسىملەندۈرۈلگەن بۇ مىللەت ئەسلىدە تۈركىي تىللىق خەلق بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۇلارنى سارىق ئۇيغۇر، ئۇيغۇر سېرىق، سارى ئۇيغۇر قاتارلىق شەكىللەردە ئاتايدۇ. بىز 2001 ـ يىلى نويابىردىن دېكابىرغىچە سېرىق ئۇيغۇر رايونىدا ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ساھە تەكشۈرۈش تەتقىقاتىدا ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى «يۇغۇر»، «يوغۇر» دەيدىغانلىقى ئېنىقلاندى ①.

موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا «يوغۇر»، «شىرا يوغۇر ②» (بۇ گۇرۇپ ئۆزلىرىنى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا «شىرا يوغۇر» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار يەنە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنى «قارا يوغۇر» دەپ ئاتىشىدىكەن. تۈركىي تىلدا سۆزلە-شىدىغان غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلار بولسا ئۆزلىرىنى ئو-مۇمەن «يۇغۇر»، «سارىغ يۇغۇر» (موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا «سارىغ يۇغۇر» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلار يەنە موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغانلارنى ئادەتتە «ئىڭگار، ئېنگار» دەپ ئاتايدىكەن.

1954 ـ يىلغىچە ئۆزلىرىنى «يوغۇر، يۇغۇر»، «سا-رىغ ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ كەلگەن بۇ خەلق خەنزۇ تىلىدا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىسىملەردە ③ ئاتىلىش بىلەن بىرگە «سارىغ ئۇيغۇر» ( 萨里维吾尔 ) شەكلىدە ناملانغانىدى. 1953 ـ يىلى جيۇچۈەن شەھرىدە ئېچىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىسىملىرىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئورتاق بىر خەتتە يېزىلىشى ھەققىدىكى يىغىندا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەگرىتاغ ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئايرىم بىر ئىسىم بەلگىلەنگەنىدى. يەنى بۇ يىغىندا «يۇغۇر»غا يېقىن بولغان «يۇگۇ 裕固 » دېگەن نام ماقۇللانغان ④.

«يۇگو 裕固 » دېگەن ئىسىمنىڭ قوبۇل قىلىنىشى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، سېرىق ئۇيد-

غۇرلارنىڭ پېشقەدەملىرى ۋە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا قانداق يېزىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆز خەلقى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ⑤ . ھەتتا بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەھۋالنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ⑥ . «خەنزۇ تىلىدىن ۋاقىپ بولغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئىسمىنىڭ خەنزۇچە مەنىسىگىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىشقان، يەنى ‹يۈگۇ› خەنزۇ تىلىدا باي، پۇختا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۆتمۈشتە قوللىنىلغان خۇيخې، خۇيخۇ، ۋېيۇۇ، ياۋخۇئېرنى ياكى شىنجاڭدا قوللىنىۋاتقان ۋېيۇۇئېرنىمۇ ئىشلەتمەي يۈگۇنى ئىشلەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئۆز تىلىنىڭ ھەقىقىي تەلەپپۇزىغا سادىق ئىكەنلىكىدىن ئىدى» ⑦ .

سېرىق ئۇيغۇرلار گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق جاڭيې ۋىلايىتىنىڭ سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ۋە جيۇچۇەن شەھىرىنىڭ خۇاڭنىپۇ سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم يېزىسىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.

1990 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىي سانى 12 مىڭ 297 كىشى بولۇپ بۇ جەمئىي نوپۇسنىڭ 1800 ى خۇاڭنىپۇ سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم يېزىسىدا، 8820 سى سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ياشايدۇ. ئاپتونوم ناھىيىدە ياشايدىغانلار پۈتۈن سېرىق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ % 71.77 نى تەشكىل قىلىدۇ. قالغان 1677 كىشى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە، ئاز بىر قىسمى مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان ⑨ . كېيىنكى يىللاردا، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىشىش دولقۇنىغا ماسلاشقان سېرىق ئۇيغۇرلاردىن 278 كىشىنىڭ قۇمۇل شەھرى ۋە ماناس ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئېنىقلاندى ⑩ . سېرىق ئۇيغۇرلار 1990 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە، مىللەتلەرنى جەمئىي سانىغا قاراپ رەتكە تۈرغۈزغاندا 47 ـ رەتتىن ئورۇن ئالغان.⑪

سېرىق ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خەلق بولۇپ، ئادەتتە ئىككى خىل تىل ئىشلىتىدۇ. يەنى شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا ئائىت بولغان نىسبەتەن قەدىمكى موڭغۇلچىغا يېقىن بىر تىلنى ئىشلەتسە، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدا سۆزلىشىدىغان غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن يېقىنلىشىدىغان يەنە بىر خىل تىلنى ئىشلىتىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇلمىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرگە ئوخشاش قەبىلە ئۇرۇق ئاساسىغا تايىنىدۇ. بۇ خىل تەشكىلات قۇرۇلمىسى ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە قەدەر داۋام قىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، بەزى يېزىلار مۇئەييەن بىر قەبىلە ياكى ئۇرۇق ئاساسىدا قۇرۇلغان. مەسىلەن، ياڭگې يېزىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ياڭگې ئوتوقىغا مەنسۇپتۇر. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئۆزىنىڭ قايسى قەبىلە ياكى ئۇرۇقىغا تەۋەلىكىنى بىلىشىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار ئادەتتە قەبىلىنى «ئوتوق» دەپ ئاتايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى سېرىق ئۇيغۇرلارنى يەتتە ئوتوق شەكلىدە ياشايدىغانلىقىغا ئاساسەن بۆلۈپ باشقۇرغان. سېرىق ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئازادلىققىچە ئاشۇ يەتتە ئوتوق شەكلىدە ياشاپ كەلگەن، بۇ ئوتوق (قەبىلىلەر) بولسا، بەگلەر بېگى ياكى شىكى ئوتوق (大头目家)، كورىكى ئوتوق (罗儿家)، نەيمان ئوتوق (八个马家)، ياڭكې ئوتوق (杨哥家)، خورونغوت ئوتوق (胡朗哥家)، باياتتاۋىن ئوتوق (吾个马家)، ياغلاقار ئوتوق (亚拉格家) تىن ئىبارەت.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياغلاقار قەبىلىسى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ خاقانلىرى تەۋە بولغان قەبىلە بولۇپ، بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئاساسلىق قەبىلىدۇر. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەتتە ئوتوقى ئىچىدە يەنە بىر مۇنچە پەرقلىق ئۇرۇقلار بار. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۆزگەرتىشلەردە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلە ئىشلىتىشى زۆرۈر تېپىلغان بولۇپ، ھەر



قەبىلە ياكى ئۇرۇق ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسى ياكى ئۇرۇقىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان. مەسىلەن، ياغلاقار قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى ئاساسەن ياڭ（杨）، تۇغىش ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ تۇۋ（妥）، جۇڭغال ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ جۇڭ（钟）، ئاق تاتار ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ بەي（白）... شەكلىدە بولغان.

هازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى تامامەن دېگۇدەك خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بولماقتا. لېكىن بەزى زىيالىيلارنىڭ ئۆزى ۋە ياكى بالىلىرىدىن باشلاپ ساپ ئۇيغۇرچە ياكى ئۇيغۇرچە ئىسىم ئادىتىگە قايتقانلىقىمۇ كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن، تىمۇر، مارجان، ئاي قادىن...

هازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي يېزىقى يوق. بۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە كۈندىلىك ئالاقە ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلەتمەكتە. ئۇلار ئۆتمۈشتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قايسى دەۋرلەرگىچە ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقىنىڭ شاھ ئەسەرلىرىدىن بولغان «ئالتۇن يارۇق»نىڭ مالۇپ تەرىپىدىن سېرىق ئۇيغۇر رايونىدىن تېپىلغان بولۇشى، ئۇلارنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ⑫. بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ ئەسىردە بەزى بۇتخانىلاردىكى سېرىق ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى داۋاملىق ئىشلەتكەنلىكىمۇ مەلۇم بولدى. مالۇپ تاپقان «ئالتۇن يارۇق» بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئەمما مالۇپ تاپقان نۇسخا 1687 ـ يىللاردا ئەسلى نۇسخا ئاساسىدا قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا ئىدى. تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ دەۋرلەردە تامامەن ئىسلاملىشىپ بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولسا، بۇ نۇسخىنىڭ سېرىق ئۇيغۇر راھىبلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

يۇقىرىدىكى پاكىتلىق ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشلەردىن سېرىق ئۇيغۇر دىندارلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى چىڭ ساقلاپ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىۋاتقانلىقى ئايان بولىدۇ [13] .

سېرىق ئۇيغۇر رايونىدىكى تەكشۈرۈش تەتقىقاتلىرىمىز نەتىجىسىدە، سېرىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدىكى جىددىي، تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 1958 ـ يىلىدىن باشلانغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش»، «تۆت كونىنى يوقۇتۇش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەندەك سولچىل سىياسەتلەر نەتىجىسىدە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئىبادەت سورۇنلىرى تاقالغان ياكى كۆيدۈرۈلۈپ، راھىبلار خەلق ئىچىگە قايتۇرۇلغان. خەلقنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى چەكلىنىپ، ئۇزۇن چاچلىرى قىسقارتىلغان... [14] . قىسقىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان سولچىل سىياسەت نەتىجىسىدە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا بۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

1980 ـ يىللاردىن كېيىن سىياسەت ياخشىلىنىپ، قانۇن جەھەتتىكى كاپالەت نىسبەتەن ئومۇملىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇشى ۋە باشقا مۇھىم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلاردا ئۇيغۇر، تىبەت مىللەتلىرىدىكىدەك جىددىي «ئۆزىگە قايتىش» ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىقمىغان. پەقەت 1990 ـ يىلىدىن كېيىن، سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا نىسبەتەن «ئۆزىنى ئىزدەش»، ئۆزىدىكى پەرقلەرنى داۋاملاشتۇرۇش، يوقالغانلارنى ئىلمىي نۇقتىدىن قېدىرىش ئىستىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمەكتە.

سېرىق ئۇيغۇر رايونىدىكى تەكشۈرۈشلىرىمىزدىن غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىغا قىزغىن مۇھەببەتتە بولۇۋاتقانلىقى [15] ، ئۇلارنىڭ تېلېۋىزورلاردا بېرىلىدىغان ئۇيغۇرلار ياكى شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتمىلەرنى ناھايىتى زوق ئىشتىياق بىلەن كۆرىدىغانلىقى، ئۇيغۇرچە لېنتا ۋە VCD پلاستىنكىلىرىنى ئۆيمۇ ئۆي ئايلاندۇرۇپ كۆرىدىغانلىقىدىن ئىپادىلەندى. ئۇيغۇرچە تاپالمىغانلىرى تىبەتلەرگە ئائىت بولغان لېنتىلاردىن بەھىر ئالىدىكەن.

50 يىل بۇرۇن تامامەن قونار ـ كۆچەر ھالەتتە ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈن ئاساسەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، چارۋا بېقىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلققە ئايلانغان. ئۇلار ئىلگىرى ناھايىتى بېكىنمە ھالەتتە ياشىغان بولسا، ئەمدىلىكتە تامامەن ئېچىلغان، ھەممىلا يەرگە تارقىلىشقا باشلىغان بىر مىللەتكە ئايلانغان.

سېرىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە 1958 ـ يىلىغىچە يات مىللەتلەر بىلەن قۇدىلىشىش يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئىشلار ناھايىتى نورمال ھادىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن.



سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا ئېلىپ بېرىلىشى نەتىجىسىدە ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇ تىلىنى پۇختا بىلىدۇ.

. قىسقىسى، سېرىق ئۇيغۇر جەمئىيىتى 1958 ـ يىلىدىن كېيىنكى تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىشلەر ۋە يېقىنقى يىللاردا باشلانغان «غەربنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش» يېڭى دولقۇنى نەتىجىسىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىق مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ.

ئىزاھات:

① ئابدۇرەشىد جەلىل: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى»، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، 2003 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان دوكتورلۇق ماقالىسى 92 ـ بەت.

② «شېرا» ئېتىمولوگىيىسى موڭغۇلچە سۆز بولۇپ «سارىق، سېرىق» مەنىسىدە، «شېرا يۇغۇر»، «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەندىلىكتۇر. بۇ خۇسۇستا ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يازغۇچىسى ۋە تەزكىرىچىسى تىمۇر ئۆزىنىڭ «يۇغۇرلارنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «يوغۇر، يۇغۇر» نىڭ ئەسلىدە ئۇيغۇر بىلەن ئوخشاش

بىر سۆز ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئارىدا بىر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش مەسىلىسىنىڭلا مەۋجۇتلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

③بۇگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئەگەر گەنسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ داۋامى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا گەنسۇ خانلىقىدىن كېيىن بۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئىسىملىرىنىڭ 32 خىلدىن كۆپرەك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئابدۇرەشىد جەلىلىنىڭ يۇقىرىقى دوكتورلۇق ماقالىسىنىڭ 94 ـ بېتىگە، گاۋزىخۇۋ ئەپەندىنىڭ «يۇغۇر ئاتالغۇسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «يۇغۇر تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ‹لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشرى›نىڭ 149 ـ، 162 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

④جۇڭ جىنۋېن: «يۇغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» جۇڭگو خەلق ئاۋئاتسىيە نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى 4 ـ بەت.

⑤سېرىق ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ خىل كۆز قاراشتا. بۇ توغرىسىدا تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قارالسۇن:

جۇڭ جىنۋېن: «يۇغۇر ئاتالغۇسى مەسىلىسىدىكى بىر قانچە خىل كۆز قاراش»، «گەنسۇ مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىلى 2 ـ سان 30 ـ، 34 ـ بەتلەر، جۇڭ جىنۋېن: «يۇغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» جۇڭگو خەلق ئاۋئاتسىيىسى نەشرىياتى، جېن زۇڭجېن: «يۇغۇرلار ۋە يۇغۇر تىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1977 ـ يىلىدىكى 3 ـ، 4 ـ سانلىرى. فەن يۇخەي: «يۇغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى. فەن يۇخەي: «يۇغۇرلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى. گاۋزىخۇۋ: «گەنسۇدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، «يۇغۇر ئاتالغۇسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «يۇغۇر تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

⑥گاۋزىخۇۋ: «گەنسۇدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلىدىكى نەشرى 190 ـ بەت .

⑦بۇ ھەقتە گاۋزىخۇۋ «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «يۇغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىككى چوڭ قارىمىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە «1953 ـ يىلىدىكى يىغىندا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلەر بېگى بولغان خوبۇرجاپ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇچىدا ( 撒 里维吾尔 ) شەكلىدە يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتقاندا، غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بېگى ئەنجىنچاۋنىڭ بۇ تەكلىپكە قارشى چىقىپ، ‹ 裕固尔 › بولۇشى كېرەك دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغانلىقىنى، بەگلەر بېگى خوبۇرجاپمۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئاخىرىدا سېرىق ئۇيغۇر ئىسمىنىڭ خەنزۇچىدا ‹ 裕固尔 › قىلىپ يېزىلىشى قارار قىلىنغانلىقىنى، ئەنجىنچاۋنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ‹ 撒里维吾尔 › بولۇش كېرەك دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

⑧جۇڭ جىنۋېن: «يۇغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» جۇڭگو خەلق ئاۋئاتسىيىسى نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەت، خاۋسۇمىن: «يۇغۇرلار»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2000 ـ يىل نەشرى، 17 ـ بەت.

⑨لى شۇخەي: «يۇغۇرلارنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىل 3 ـ سانى 29 ـ بەت.

⑩ جۇڭ جىنۋېن: «جۇڭگو يۇغۇرلىرى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەت.

⑪چېنىسشىڭ: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش سۆز» ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى، 524 ـ بەت.

⑫چېن زۇڭجېن: «يۇغۇر تىلىدىكى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر»، «جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 287 ـ، 288 ـ بەتلەر.

⑬خېۋيىگۇاڭ، جۇڭفۇزۇ: «سۇنەن يۇغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە توي ـ مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش»، «جۇڭگو يۇغۇر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى 573 ـ بەت.

⑭ ۋاڭ يۇەنشىن: «يۇغۇرلارنىڭ تىل پوزىتسىيىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «جۇڭگو يۇغۇر تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 308 ـ بەت. ئەن فۇگۈي: «1958 ـ يىلىدىكى فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش ۋە كېيىنكى ئىككى قېتىملىق سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈش خاتىرىسى»، «سۇنەن ئەدەبىيات ـ تارىخ ماتېرىياللىرى» 2000 ـ يىل 2 ـ توم

25 ـ ، 32 ـ بەتلەر.

⑮ئابدۇرەشىد جەلىل: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەگرىــتــاغ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان كۆز قاراش ۋە تونۇملىرى».

## پايدىلانغان مەنبەلەر

① ئابدۇرەشىد جەلىل: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى» تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرستېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، 2003 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان دوكتورلۇق ماقالىسى 92 ـ بەت.

② گاۋزىخۇۋ: «يۇغۇر ئاتالغۇسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ـ يۇغۇر تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» لەنجۇ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، 149 ـ ، 162 ـ بەتلەر

③ جۇڭ جىنۋېن: «يۇغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 4 ـ بەت.

④ جۇڭ جىنۋېن: «يۇغۇر ئاتالغۇسى مەسىلىسىدىــكى بىــر قانچە خىل كۆز قاراش»، «گەنسۇ مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىل 2 ـ سانى 30 ـ ، 34 ـ بەتلەر.

⑤ جۇڭ جىنۋېن: «جۇڭگو يۇغۇر تەتقىقاتى ماقالىلىرى توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 1 ـ بەت.

⑥ چېن زۇڭجېن: «يۇغۇرلار ۋە يۇغۇر تىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1977 ـ يىل 3 ـ ، 4 ـ سانلىرى.

⑦ چېن زۇڭجېن: «يۇغۇر تىلىدىكى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر»، «جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىــياتى، 1991 ـ يــىل نــەشــرى، 287 ـ ، 288 ـ بەتلەر.

⑧ فەن يۇخەي: «يۇغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى.

⑨ فەن يۇخەي: «يۇغۇرلار» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

⑩ گاۋزىخۇۋ: «گەنسۇدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.

⑪ گاۋزىخۇۋ: «يۇغۇر ئاتالغۇسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ـ يۇغۇر تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» لەنجۇ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى.

⑫ گاۋزىخۇۋ: «گەنسۇدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى 190 ـ بەت.

⑬ گاۋزىخۇۋ: «يۇغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىككى چوڭ تارىمىقى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىل 1 ـ سانى.

⑭2001 ـ يىلى 10 ـ نويابىر سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى ئىقتىساد ـ پىلان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى توشياۋيۇڭ ۋە ئاپتونوم ناھىيە تەزكىرە ئىشخانىسى باشلىقى تىمۇر بىلەن توشياۋيۇڭنىڭ ئۆيىدە قىلىنغان سۆھبەت. 2001 ـ يىلى 16 ـ نويابىر سارى تالا (خۇاڭچېڭ) رايونىغا كېتىۋاتقاندا تىمۇر بىلەن قىلىشقان سۆھبەت.

⑮ خاۋسۇمىن: «يۇغۇرلار»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى 17 ـ بەت.

⑯ لى شۇخەي: «يۇغۇرلارنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىــدىــكى ئۆزگىرىش ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى نوپۇسى» مەجمۇئەسىنىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانى 29 ـ بەت.

⑰ چېنسىشىڭ: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش سۆز» ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى 524 ـ بەت.

⑱ خې ۋېيگۇاڭ؛ جۇڭ فۇزۇ «سۇنەن سېرىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە توي ـ مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش»، «جۇڭگو يۇغۇر تەتقىقاتى ماقالىلىرى توپلىمى».

مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى 573 ـ بەت.

⑲ ۋاڭ يۈەنشىن: «يۇغۇرلارنىڭ تىل پوزىتسىيىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «يۇغۇرلار تەتقىقاتى ماقالىلىرى توپلــىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى 308 ـ بەت.

⑳ ئەن فۇگۇي: «1958 ـ يىلىدىكى فېئودالىزمغا قــارشى كۈرەش ۋە كېيىنكى ئىككى قېتىملىق سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈش خاتىرىسى»، «سۇنەن ئەدەبىيات ـ تارىخ ماتېرىياللىرى 2000 ـ يىلى 2 ـ تومى 25 ـ ، 32 ـ بەتلەر.

㉑ 2001 ـ يىلى 12 ـ نويابىر سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئەنيۇلىن ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قىلىنغان سۆھبەت. 2001 ـ يىلى 24 ـ نويابىر داخې رايونىنىڭ جيۇسەيگۇ يېزىسىدا ئەنگۇيجى بىلەن قىلىنغان سۆھبەت. 2001 ـ يىلى 8 ـ نويابىر سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇتەخەسسىسى بەيۋېنشىن بىلەن قىلىنغان سۆھبەت.

مۇھەررىر: مۇختار تۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگرەش مۇسابىقىسىدىن كېيىنكى ئىشلار





تاشپاقا بىلەن توشقان ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ھېلىقى داڭلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە تاشپاقا غەلىبە قىلدى. بىراق ھېكايە ئۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ.

تاشپاقا ئالتۇن مېدال ۋە مۇكاپاتلارنى ئالغاندىن كېيىن، ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا بىر توپ ھايۋانات مۇخبىرلىرى ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋالدى. بەزى مۇخبىرلار ئۇنى سۈرەتكە تارتسا، بەزى مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن سوئال سورايدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئىمزا قويدۇرىدۇ. تاشپاقا بۇ ئىشلاردىن قىلچە ھودۇقمىغاندەك مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. «ھايۋانات دۇنياسى گېزىتى»، «ھايۋانات تەنتەربىيە گېزىتى»، «ھايۋانات تۇرمۇش گېزىتى»، «ھايۋانات كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر ناھايىتى تېزلا «تاشپاقىنىڭ چېمپىيون بولۇش يولى»، «تاشپاقىنىڭ سالاپىتى»، «تاشپاقا بولسا بىر تۇغ»، «خاسىيەتلىك تاشپاقا» دېگەن سەرلەۋھىلەردە تاشپاقا توغرىسىدىكى ئىشلارنى بەس - بەس بىلەن خەۋەر قىلىشىدۇ. ھايۋانات تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تاشپاقىنى تارقىتىش ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. تاشپاقا بۇ يەردە قاغا، شاتۇتى، سوپتورغاي قاتارلىق پروگراممىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى داڭلىق چولپانلارنى كۆرىدۇ. رىژىسسور تاشپاقىغا بۇ قېتىمقى ئالاھىدە سۆھبەتنىڭ تەلىپىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كەڭ ھايۋانات كۆرۈرمەنلىرى ئالدىدا «ئائىلىڭىزدە نەچچەيلەن بار؟ سىز ئۆيدە باللارنىڭ نەچچىنچىسى؟ نېمە يېيىشنى ياخشى كۆرىسىز؟ ئۆزۈڭىزنى يۈگۈرۈشنى قاچاندىن باشلاپ مەشىق قىلغان؟ مەشقاۋۇلىڭىز كىم؟» دېگەندەك بىر تالاي سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى ھەمدە كەڭ ھايۋانات كۆرۈرمەنلەرگە بىر نەچچە ئېغىز كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تاشپاقا كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلىغان بولسا شۇنى دەيدۇ. دەسلەپتە ئۇ سەل تەمتىرەيدۇ، بىراق سۆزلىگەنسېرى جانلىنىپ، ھەتتا كىچىك ۋاقتىدىكى ياتقان ئورنىغا سىيىپ قويغانلىقى ۋە نەرسە - كېرەك ئوغرىلىغانلىقى قاتارلىق كىچىك ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ بېرىدۇ. سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رىژىسسورى تاشپاقىنى كۆڭلى تۈز ھايۋانىكەن، ئۇنىڭ بۇ روھى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ، دەپ ماختايدۇ.

تاشپاقا تېلېۋىزورغا چىققاندىن كېيىن، ئەمدى بىر نەچچە كۈن دەم ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، ھايۋانات ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى كېلىپ، ھايۋانات ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى توغرىسىدىكى بىر مىنۇتلۇق ئېلانغا چىقىپ بەرسە، 500 مىڭ يۈەن ھەق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تاشپاقا بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولىدۇ ۋە تېلېكامېراغا قاراپ:

—ساقلىقنى ساقلاش جەۋھىرىنى يېسىڭىز تېز يۈگۈرەلەيسىز،— دەپ توۋلايدۇ. تاشپاقا قولىغا كەلگەن 500 مىڭ يۈەننى كۆرۈپ، قىنىقىنىغا پاتماي كېتىدۇ ۋە بېيىش دېگەن بەك ئوڭاي ئىكەن دەپ ئويلايدۇ. ھايۋانات ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى شىركىتىنىڭ ئېلانى سۈرەتكە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھايۋانات ئاياغ زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى تاشپاقىنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھايۋانات ئاياغ زاۋۇتىنىڭ ئايىغىنى كىيىپ يۈگۈرگەن كۆرۈنۈشتىكى مۇكاپات سۇپىسىغا چىقىپ: «تەنھەرىكەت ئايىغىنى كىيسىڭىز تېز يۈگۈرەلەيسىز» دېگەن ئېلانغا چىقىپ بەرسە 1 مىليون يۈەن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تاشپاقا بۇ 1 مىليون يۈەنگىمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشىدۇ. ئارقىدىنلا ھايۋانات يېمەكلىكلىرى زاۋۇتى، ھايۋانات كىيىم - كېچەك

شىركىتى، ھايۋانات چېنىقىش سايمانلىرى شىركىتىمۇ ئىزدەپ كېلىپ، تاشپاقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېلانلىرىغا چىقىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تاشپاقا كۆڭلىدە: «بۇ پۇللارنى تېپىشىم كېرەك، بولمىسا بىكار كەتمەمدۇ» دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل بولۇپ، زاۋۇتلار ئۇنى قانداق ئېلانغا چىقىپ بەر دېسە، ئۇ شۇنداق ئېلانغا چىقىدۇ، قانداق دە دېسە، شۇنداق دەيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تاشپاقا داڭلىق ئېلان چولپىنىغا ئايلىنىدۇ. تېلېۋىزورلاردا تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى باشلىنىپ بىر نەچچە مىنۇت بولابولمايلا، تاشپاقا كۆلگۈنچەك ۋە ھەر خىل غەلتە قىياپەتلەردە ئېكراندا پەيدا بولۇپ، ھايۋانلارغا تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرىدىغان بولىدۇ.

كىتاب سودىگەرلىرىمۇ تاشپاقىنى ئىزدەپ كېلىپ، كىتاب چىقىرىش ئىشىنى كېڭەشىدۇ. تاشپاقا مەن يېزىقچىلىقنى بىلمەيمەن دېسە، كىتاب سودىگەرلىرى سىز ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىدىغان يازغۇچىلارنىمۇ تېپىپ قويدۇق، پەقەت سىز ئۆزىڭىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭىزنى بىر قۇر قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىزلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ دەيدۇ. تاشپاقا بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا كىتاب بازارلىرىدا «تاشپاقىنىڭ ئالتۇن مىدالغا ئېرىشىش يولى» دېگەن بازارلىق كىتاب پەيدا بولىدۇ. تاشپاقا مۇشۇ ئىشتىنلا 2 مىليون يۈەنگە ئېرىشىدۇ. تاشپاقا كىتابنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىدۇ. مەن قاچان تېيىن خېنىم بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقتىم؟ مېنىڭ نەدىمۇ ئالاھىدە ماھارىتىم بولۇپ باققان؟ مەن قاچان قارا نىيەتلەر بىلەن ئېلىشتىم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما دەپ ئويلايدۇ، بىراق بۇلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇ خەقنىڭ پۇلىنى ئالدى ـ دە.

كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تاشپاقا بىر مەزگىل ئارام ئالماقچى بولىدۇ. ئالدىنقى مەزگىللەردە تاشپاقىنىڭ ئادىمگەرچىلىكى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ ھېرىپ چارچاپ قالغانىدى. بىراق ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ھايۋانات تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى سۈرەتكە ئېلىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى كېلىپ، تاشپاقىنى «تاشپاقىنىڭ رىۋايىتى» دېگەن 50 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا باش رول ئېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشپاقا سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە تاغ ـ دەريالارنى كېزىپ، چامباشچىلىق فىلىمىدە رول ئالىدۇ. ئۇ رول ئالغان تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ باھاسى ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق تاشپاقا شۇنىڭدىن كېيىن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى قالتىس ماھارەتلىك، ئۇستا شەمشەرۋاز، ئۇچقۇر، ئۆزگىرىشچان، تەڭداشسىز چامباش ماھىرىغا ۋە ھايۋانلار چوقۇنىدىغان كىنو ـ تېلېۋىزىيە چولپىنىغا ئايلىنىدۇ.

تاشپاقىنىڭ ناھايىتى تېزلا يۈز تېپىپ كەتكەنلىكىگە قورسىقى كۆپكەن توشقان تاشپاقىدىن قايتىدىن يۈگۈرۈشتە بەسلىشىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تاشپاقا توشقاننىڭ تەلىپىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھايۋانات تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ھايۋانات دۇنياسى گېزىتى»، ھايۋانات رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ خەۋەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەر قىلىشىپ، ھايۋانات دۇنياسىدا زور غۇلغۇلا قوزغايدۇ. ھايۋانلار تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ 2 ـ قېتىملىق يۈگۈرۈشتە بەسلىشىش پەيتىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. ھايۋانلار بىردەك مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئالدىنقى نۆۋەت توشقان يېرىم يولدا ئۇخلاپ قالغاچقا، تاشپاقا غەلىبە قىلغان، بۇ نۆۋەت توشقان چوقۇم نومۇسنى ئاقلايدۇ.

بىراق مۇسابىقە نەتىجىسى ھايۋانلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدۇ. تاشپاقا يەنە بىر قېتىم ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش چېمپىيونى بولىدۇ. كۆپچىلىككە بۇ ئىشتا بىر شىتلە باردەكلا بىلىنىدۇ. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ھېچنېمىسى يوق توشقان بىردىنلا داچىغا ئىگە بولۇپ، بولۇشىغا يەپ ـ ئىچىدىغان، پۇل خەجلەيدىغان بولىدۇ. شۇندىلا كۆپچىلىك تاشپاقا بىلەن توشقان ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ تېگىگە يېتىدۇ.

كۆپچىلىك پۇلدار ھەم يۈزلۈك تاشپاقىنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيىدۇ.

---

(مۇپىجى ئىمزالىق بۇ ماقالە «بۈگۈن ئاخشام» گېزىتىنىڭ 2002 ـ يىل 12 ـ ئىيۇن سانىغا بېسىلغان. «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»نىڭ 2002 ـ يىل ئاۋغۇست سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان).

**ئازاد نىزامىدىن ئەنجانى تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى**

MIRAS



# ساغلاملىق بىباھا

**4. ساغلاملىقنىڭ تۆت چوڭ ئاساسى**

يۇقىرىدا سۆزلىگەن كېسەللەردە ئىچكى ئامىلنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، 20 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. 80 پىرسەنتى تاشقى ئامىللاردىن بولىدۇ. شۇڭا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى تاشقى ئامىل ئارقىلىق تىزگىنلەپ، ئىلمىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئازايتقىلى بولىدۇ. ساغلاملىقنىڭ ئاچقۇچى ئۆز قولىمىزدا. تاشقى ئامىلنى مۇنداق سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش؛ ئىككىنچى، لايىقىدا ھەرىكەت قىلىش؛ ئۈچىنچى، تاماكىنى تاشلاپ ھاراققا چەك قويۇش؛ تۆتىنچى، پسىخىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش.

**1) مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش**

ئالدى بىلەن سالامەتلىكنىڭ بىرىنچى ئۇلى مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئادەم ئوزۇق بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. مۇۋاپىق ئوزۇقلانغاندا ئادەمنىڭ ئورۇق ـ سېمىزلىكى، خولېستېرىننىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، قاننىڭ قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى نورمال بولىدۇ. ئۇنداقتا مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنى مۇنداق

ئىككى جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بۇنىڭ بىرىنچىسى، بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش؛ ئىككىنچىسى، قىزىل، سېرىق، يېشىل، ئاق، قارا. بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز لازىم، ئۇ دۇنيادا ئەڭ ئىلمىي، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىدۇر. تۆۋەندە بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.

(1) «بىر» دېگەن نېمە؟ بۇ كۈندە بىر خالتا كالا سۈتى ئىچىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىدا نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلار بار، لېكىن كالتسىي كەمچىل. جۇڭگولۇقلارنىڭ %99 تىدە كالتسىي يېتىشمەيدۇ. كالتسىي يېتىشمىسە مۇنداق ئۈچ خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ: بىرىنچى، سۆڭەك ئاغرىيدۇ، سۆڭەك بوشاپ كېتىدۇ، سۆڭەك ئۆسۈپ قالىدۇ، بەل، پۇت ئاغرىيدۇ، ياشانغانلار تولا غەم يەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئىشقىلىپ ھەممە يېرى ئاغرىيدۇ؛ ئىككىنچى، دۈمچەك بولۇپ قالىدۇ، بارغانسېرى پاكارلىشىپ يىگىلەپ كېتىدۇ. ياش چوڭايغانسېرى دوك بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقىدۇ؛ ئۈچىنچى، سۆڭەك ئاسانلا سۇنۇپ كېتىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. داۋالانغىلى كەلگەن بىر كېسەل تولا يۆتىلىدىكەن، يۆتەلسە گېلى ئاغرىيدىكەن، كېيىن يۆتەلمىسىمۇ ئاغرىيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆپكە راكى بولغان ئوخشايمەن دەپ تەكشۈرۈتۈپتۇ. رېنتىگېن نەتىجىسىنى كۆرگەن دوختۇر چۆچۈپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە ئۇ يۆتىلىۋەرگەچكە، ئۈچ تال قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كەتكەنىكەن. ئۇ كېسەلخانىدا ياتقاندىن كېيىن ئاغرىق ئازابىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلەلمىگەن، كېيىن بىرەيلەن ئۆرۈپ قويۇۋاتقاندا، يەنە بىر قوۋۇرغىسى قاراس قىلىپ سۇنۇپ كەتكەن، ئەسلىدە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇستىخانلىرى بوشاپ كەتكەنىكەن. شۇڭا كالتسىي يېتىشمىسە يۇقىرىدا دېگەندەك ئۈچ چوڭ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن كالتسىي يېتىشمەيدۇ؟ ئادەتتە ئادەم كۈنىگە 800 مىللىگرام كالتسىيغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكىمىزدە ئاران 500 مىللىگرام كالتسىي بار، كۈنىگە بىر خالتا كالا سۈتى ئىچىپ بەرسەك بۇ بوشلۇق تولىدۇ. كالا سۈتىنى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ئىچكەن مۇۋاپىق؟ بىر ياشقا كىرگەندىن باشلاپ تاكى ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىچسە بولىدۇ. چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېگىز، ساغلام كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار كالا سۈتىنى كۆپ ئىچىدۇ. ياپونىيىلىكلەرنى مىسالغا ئالساق، 1937 ـ يىلى ياپونلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا «ياپون پاكارلىرى» دېيىلەتتى. لېكىن ھازىر ياپونىيىلىكلەردە ئۆزگىرىش چوڭ، ئوخشاش ياشتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ياپونىيىلىك بالىلار بېيجىڭلىق بالىلاردىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلار گۇاڭدۇڭ، فۇجيەنلىكلەردىن جىق ئېگىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەب ناھايىتى ئاددىي. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كۈندە ھەقسىز بىر خالتا كالا سۈتى ئىچۈرگەن. مۇشۇ سەۋەبتىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادى بۇرۇنقىلاردىن ئېگىز، ھازىر ئۇلار جۇڭگولۇقلاردىن ئېگىز. شۇڭا ياپونىيىدە «بىر خالتا كالا سۈتى بىر مىللەتنى گۈللەندۈردى» دەيدىغان سۆز بار. مۇتەخەسسىسلەر ئەنگلىيىدىكى دارىلئېتامدا مۇنداق بىر تەتقىقات ئېلىپ بارغان: ئوخشاش يېمەكلىك يەيدىغان يېتىم بالىلاردىن A گۇرۇپپىدىكىلەرگە كۈندە بىر خالتا كالا سۈتى بەرگەن، B گۇرۇپپىدىكىلەرگە كالا سۈتى بەرمىگەن. شۇنداق قىلىپ بالىلار 15 ياشقا كىرىپ دارىلئېتامدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بويىنى ئۆلچەپ كۆرگەندە، كۈندە بىر خالتا كالا سۈتى ئىچكەن بالىلارنىڭ بويى كالا سۈتى ئىچمىگەن بالىلارنىڭكىدىن 2.8 سانتىمېتىر ئېگىز چىققان. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، كالا سۈتى ئىچكەن بالىلارنىڭ تېرىسى سۈزۈك، كۆزى نۇرلۇق، چاچلىرى پارقىراق، مۇسكۇللىرى كۈچلۈك، ئەقىللىق چوڭ بولغان. خىزمەتكە ئادەم قوبۇل قىلغىلى كەلگەنلەرگە قېنى تاللىۋېلىڭلار دېگەندە، كالا سۈتى ئىچىپ چوڭ بولغان بالىلار تاللانغان. بۇنىڭدىن كالا سۈتى ئىچىپ چوڭ بولغان بالىلار بىلەن كالا سۈتى ئىچمەي چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى، بىر خالتا كالا سۈتى ئۆزى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن بەدەن ئېگىزلىكى، ئېغىرلىقى، ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىر كۈندە ئىككى خالتا كالا سۈتى ئىچكەنلەر 4.8 سانتىمېتىر ئۆسكەن. كالا سۈتىنى قايسى

ۋاقىتتا ئىچكەن ياخشى؟ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىچكەن ياخشى. باللارنىڭ بويى كۈندۈزى ئۆسمەيدۇ، ئۆستۈرۈش گورمۇنى كېچىسى ئاجرىلىپ چىقىدۇ، شۇڭا ئۇخلاشتىن ئىلگىرى كالا سۈتىگە بىر تال ۋىتامىن C بىلەن بىر تال مۇرەككەپ ۋىتامىن B نى قوشۇپ ئىچكۈزسەك، بالىنىڭ بويى ئېگىز بولۇپلا قالماي، بەدەن ئېغىرلىقى ئاشىدۇ، زۇكام، ئانگىنا، ئۆپكە ياللۇغى، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىشكە ئوخشاش كېسەللىكلەردىن خالىي بولىدۇ، تېنى ساغلام بولىدۇ. بىر خالتا كالا سۈتى، ۋىتامىن C، B نى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ بىر يۈەنگە يەتمەيدۇ.

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار يالغۇز پەرزەنتلىرىگە بەك كۆيۈنىدۇ. لېكىن قانداق كۆيۈنۈشنى بىلمەيدۇ. بەزىلەر بالىلىرىغا قارلىغاچ ئۇۋىسى، تاشپاقا جەۋھىرى، قانداقتۇ ئامېرىكا ئادەمگىياھى، ھەسەل جەۋھىرى دېگەندەك ھەر خىل قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ. يولداشلار، ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ قارلىغاچ ئۇۋىسى بولسۇن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى چوشقا تېرىسى. تاشپاقا جەۋھىرىنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈۋەتكەن، قاراڭلار ئۇنىڭ نامىنىڭ چىرايلىقلىقىنى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر زاۋۇت توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن، خەۋەردە بۇ زاۋۇت ئىككى تاشپاقا بېقىپ 300 دىن ئارتۇق تاشپاقا جەۋھىرى ياسىدى، تاشپاقا جەۋھىرى ياساپ بولغاندىن كېيىن تاشپاقا يەنىلا ھايات قالدى دېيىلگەن. قۇۋۋەت دورىلىرىغا ئۇنچىلىك نۇرغۇن پۇل خەجلەشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئەمەلىيەتتە كالا سۈتىگە ۋىتامىن C بىلەن مۇرەككەپ ۋىتامىن B نى قوشۇپ ئىچسە بولىدى. لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى كالا سۈتى ئىچسىلا ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ قېتىق ئىچسە بولىدۇ. قېتىق ئىچكۈسى كەلمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ پۇرچاق سۈتى ئىچىش كېرەك. لېكىن ئۇنىڭدىن ئىككى خالتا ئىچمىسە بولمايدۇ. پۇرچاق سۈتىدە بىر خالتا كالا سۈتىنىڭ ئېرىدمىچىلىك كالتسىي بار. كالا سۈتىنى ئىچمىسىڭىز، قېتىقنىمۇ ئىچمىسىڭىز، پۇرچاق سۈتىنىمۇ ئىچمىسىڭىز، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاددىي، يەنى ئۆلۈمنى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى سالامەتلىك ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئىشى، سالامەتلىك ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر. سالامەتلىك قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلساڭ، ئۆمۈر بويى ئامان ئۆتىسەن، سالامەتلىك قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلساڭ، جاجاڭنى يەيسەن. پادىشاھ، خاقان بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا پۇقرالاردىن بالدۇر ئۆلىسەن، چۈنكى سالامەتلىك قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلدىڭ - دە، سالامەتلىك ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر، دېگەن بۇ قانۇنىيەت مال - دۇنيا ۋە مەرتىۋە تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. بىزنىڭ بۆلۈمگە بىر باي كىشى كېسەل كۆرسەتىشكە كەلدى، ئۇنىڭ 150 مىليون يۈەن پۇلى بار بولۇپ، بىر شىركەتنىڭ باش لىدىرى ئىكەن. ئۇ 38 ياشقا كىرىپتۇ، يۈرەك مۇسكۇلى ئۆلۈش كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ. ئۇ كەڭ دائىرىلىك يۈرەك مۇسكۇلى ئۆلۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا، يۈرىكى ناھايىتى نېپىزلەپ كېتىپتۇ. ئادەتتە يۈرەك نورمال بولغاندا ئون مىللىمېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاران ئىككى مىللىمېتىردىن ئارتۇقراق، يەنى قېلىن قەغەزچىلىك كېلىدىكەن. ناھايىتى خەتەرلىك، يۆتەلسە بولمايدۇ، يۆتەلسە، سەللا كۈچىسە يۈرىكى يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ يۆتىلىشكىمۇ پېتىنالمايدىكەن. تەرەت قىلغاندا ئىنجىقلىسىمۇ بولمايدىكەن، شۇڭا ئۇ ھاسىغا تايىنىپ ئاران ماڭىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن: «كاللىڭىزدا ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان ئىشلار بارمۇ» دەپ سورىدىم، ئۇ: «تەڭرى ماڭا نېمىشقا مۇنداق ئادالەتسىزلىك قىلىدىغاندۇ، مەن شىركەتتە قالتىس ئادەم ئىدىم، باشقىلار 38 ياشتا ئەمەس، 78 ياشقا كىرىپمۇ كېسەل بولمايۋاتقان يەردە، مەن نېمە ئۈچۈن 38 ياشقا كىرىپلا مۇنداق جانغا زامىن كېسەلگە گىرىپتار بولىمەن، نېمىشقا مېنى شۇنچىۋالا نەس باسىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «مېنىڭچە تەڭرى ئەڭ ئادىل، تەبىئىي قانۇنىيەت ئوخشاش، دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلار ئادىل بولمىسىمۇ، ئەمما تەڭرى ئادىل، سىزنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىڭىزدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي. ۋېكتورىيە خىتابنامىسىدا: سالامەتلىكنىڭ ئۇلى - مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، لايىقىدا ھەرىكەت قىلىش، تاماكا تاشلاش ۋە ھاراقنى چەك قويۇش، پسىخىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلگەن. سىز بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىپسىز» دېدىم. تەكشۈرەيلى دەپ قېنىنى ئالساق، دەرھال ئۇيۇپ قالدى. قېنى بەك قويۇق ئىكەن، بۇ قانى سەككىز سائەت قويۇپ قويساق، قاننىڭ ئۈستىدە قېلىن بىر قەۋەت ماي

هاسىل بولدى، دېمەك، قاندا ماي تەركىبى يۇقىرى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 188 جىڭ، بەل ئايلانمىسى ئۈچ گەز ئۈچ يېرىم سۇڭ كېلىدىكەن. مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش دېسە، بۇ بايۋەچچى كۈندە كاتتا زىياپەتلەردە ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى يەۋەرگەن، نەتىجىدە ئېغىرلىقى 188 جىڭ كەلگەن. ئۇ مۇۋاپىق ئوزۇقلانمىغان، لايىقىدا ھەرىكەت قىلىش دېسە، ئىشىكتىن چىقىپلا ھەشەمەتلىك ماشىنىلاردا ئولتۇرغان. تاماكىنى تاشلاپ ھاراققا چەك قويۇش دېسە، كۈندە ئىككى قاپ تاماكا چەككەن، ھەر ۋاخ تاماقتا ھاراق ئىچكەن. پسىخىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا كەلسەك، بۇ بايۋەچچىنىڭ كۆڭلى قانداقمۇ ئارامدا بولسۇن، يېنىدا نەچچە قىز كاتىپ يۈرسە ئارام تاپالامدۇ؟ بۇ بايۋەچچى بۈگۈن بىر قىز كاتىپنىڭ قولىنى سىلاپ يۈرسە، ئەتىسى يەنە بىرسىنىڭ قولىنى سىلاپ يۈرسە، يۈرىكى تېز سوقماي، قان بېسىمى ئۆرلىمەي نېمە بولماقچى. يېنىغا ئېسىۋالغان يانفون، چاقىرغۇلىرى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي چىرقىراپ تۇرسا كۆڭلى ئارام تاپالامدۇ. پايدا ئالسا ھاياجانلىنىپ، زىيان تارتسا جىددىيلىشىپ يۈرسە ئاراملىق بولامدۇ. سالامەتلىكنىڭ تۆت چوڭ ئۇلىنىڭ ھەر بىرىگە قارشى يول تۇتقان تۇرسا، يۈرەك مۇسكۇلى ئۆلۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولماي يەنە نېمە بولماقچىدى. بۇ تەڭرىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سالامەتلىك ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر، كىم ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا شۇنى نەس باسىدۇ، كىم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا شۇ ساغلام بولىدۇ. «ئوبدان ئادەم بولسا گەر، ئۆمۈربويى ئامان ئۆتەر» دېگەن دەل ئەنە شۇ.

(2) «ئىككى» دېگەنلىك: 250 گرامدىن 350 گرامغىچە بولغان كاربون سۇ بىرىكمىسى دېگەنلىكتۇر، بۇ ئالتە سەردىن سەككىز سەرگىچە بولغان ئۇن تامىقىغا تەڭ كېلىدۇ. ئالتە سەردىن سەككىز سەرگىچە دېگىنىمىز مۇتلەق ئەمەس. ئالايلۇق، بەزى ياشلارنىڭ، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئىشى ناھايىتى ئېغىر، بىر ئولتۇرۇشتا بىر يېرىم جىڭ تاماق يەيدۇ. بەزى ئاياللارنى ئالساق ئۇلار سېمىز، يەنە كېلىپ قىلىدىغان ئىشى يېنىك بولغاچقا، بەش ـ ئالتە سەر ئەمەس، ئىككى سەر تاماق يېسىلا تويىدۇ، تاماقنى تىزگىنلىگەندە بەدەن ئېغىرلىقىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ، بۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. ھازىر ئورۇقلىتىش دورىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئورۇقلىتىش دورىلىرىنى ئىشلەتمەي تاماقنى تىزگىنلەش كېرەك. كۆپچىلىك ئاڭلىدىمىكىن؟ ئىتالىيىلىك داڭلىق ناخشىچى پاۋاروتتىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 151 كىلوگرام ئىكەن، دوختۇر ئېغىرلىقىڭىزنى 90 كىلوگرامغا چۈشۈرگەن بولسىڭىز بوپتىكەن دەپتۇ. ئۇ قانداق قىلغان دېمەمسىلەر؟ ئۇ تاماقنى تىزگىنلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بىز مۇنداق بىر كېسەلنى داۋالىغانىدۇق: ئۇ كىشىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.49 مېتىر، ئېغىرلىقى 99 كىلوگرام كېلىدىكەن. بىز ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللاندۇق. كۈندە ئۈچ سەر تاماق بەردۇق. بىرىنچى ئېيىدا كۈندە ئىككى يېرىم سەردىن بەردۇق. نەتىجىدە بىر يىلدا 33 كىلوگرام ئورۇقلىدى. دېمەك، تاماقنى تىزگىنلىگەندە بەدەن ئېغىرلىقىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. يېقىندا ئالىملار ئورۇقلاش توغرىسىدا «تاماقتىن بۇرۇن ئىچسەڭ شورپا، بولسەن سالامەت ھەم زىلۋا» دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئورۇقلاشتىكى ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ ئوڭۇشلۇق ئۇسۇل. گۇاڭدۇڭلۇقلار بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. ئۇلار شورپا ئىچىشكە بەك ئامراق، تاماقتىن ئىلگىرى شورپا ئىچسە، نېرۋا رېفلېكسى مېڭىگە ئۆتىدۇ. مېڭىدە ئىشتەي مەركىزى بار. سىز تاماقتىن ئىلگىرى شورپا ئىچسىڭىز، ئىشتەي مەركىزى ئويغىنىپ پەسلەيدۇ ـ دە، ئىشتىيىڭىز ئۆزلۈكىدىن تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماقنى ئاستا يەيدىغان بولىسىز. ئەگەر شورپا بولمىسا، بىر قاچىغا كۆكتات قورۇمىسىدىن ئازراق بۆلۈۋېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ كۆكتات شورپىسى قىلىپ ئىچسىڭىز ئىشتىيىڭىز دەرھال تۇتۇلىدۇ. شىماللىقلار، جۇملىدىن بېيجىڭلىقلار، شەرقىي شىماللىقلار، شىمالىي جۇڭگولۇقلار تاماقتىن كېيىن شورپا ئىچىمىز، شورپىنى ئىچكەنسېرى سەمىرىمىز. بۇنداق قىلىش خاتا. تاماقنى تويغىچە يەپ شورپا ئىچسىڭىز، ئاشقازىنىڭىز چوڭىيىدۇ، شۇڭا تاماقتىن كېيىن شورپىنى قانچە جىق ئىچسىڭىز، شۇنچە سەمىرىسىز، تاماقتىن ئىلگىرى ئىچسىڭىز ساغلام، تال چىۋىقتەك تۇرىسىز. ئورۇق ئادەم سەمىرىمەن دېسە، تاماقتىن كېيىن شورپا ئىچسە، سېمىز ئادەم ئورۇقلايمەن دېسە تاماقتىن ئىلگىرى شورپا ئىچسە بولىدۇ.

(3) «ئۈچ» دېگەنلىك: ئۈچ خىل يۇقىرى ئاقسىللىق

يېمەكلىكنى يېيىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئادەم گۆشسىز تاماق يەۋەرسە بولمايدۇ، داۋاملىق گۆشلۈك تاماق يېسىمۇ بولمايدۇ. ئاقسىل كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ياكى ئاز بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ. ئاقسىللىق نەرسىنى ئۈچ، تۆت ۋاخ يېگەن ياخشى. بۇ كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس. بىر ۋاخ دېگەنلىك بىر سەر قارا گۆش ياكى بىر تۇخۇم ۋە ياكى ئىككى سەر دۇفۇ ياكى ئىككى سەر بېلىق ۋە ياك ياكى ئۈچ سەر توخۇ ۋە ئۆردەك گۆشى ۋە ياكى يېرىم سەر سېرىق پۇرچاق بولسا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. كۈندە ئۈچ ۋاخ دېگەنلىك، ئەتىگەندە چايدا پىشۇرۇلغان بىر تۇخۇم يېسە، چۈشتە ياپىلاق توغرالغان گۆش بىلەن قورۇلغان ئاچچىق كاۋا قورۇمىسى يېيىشى، كەچتە ئىككى سەر دۇفۇ ياكى ئىككى سەر بېلىق يېيىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. كۈندە ئۈچ، تۆت ۋاخ ئاقسىل ئىستېمال قىلسا بولىدۇ، بۇ كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس. ئاقسىل ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتسە، ئۆلۈش شۇنچە تېزلىشىدۇ. نېمىشقا؟ كۆپلىگەن ئامىنو كىسلاتاسى سۈيدۈك ئارقىلىق بۆرەككە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئاقسىل كۆپىيىپ كەتسە، ئۈچەي يوللىرىدا زەھەرلىك ماددىلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، ئاقسىل كەم بولسىمۇ بولمايدۇ. ھەزرىتى خەي دىڭ ئاقسىل ئوزۇقلۇقى يېتىشمەسلىك كېسىلىگە، نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، تومۇرىغا ئامىنو كىسلاتاسى ئوكۇلى ئۇرۇپ داۋالاپ ساقايتتۇق، ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇن تاماقنى قەتئىي يېمىدى، نەتىجىدە ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئاخىر ئۆلۈپ كەتتى. ئاقسىل بىلەن ئاشلىقنى يېيىشتە نىسبەت بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ 32 تال چىشى بارلىقى ھەممىگە ئايان، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت تال ئېزىق چىش گۆش يېيىشكە ئىشلىتىلىدۇ. 28 تال ئوتتۇر چىش سەي ـ كۆكتاتنى چايناشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەم كۈندە گۆشلا يەۋەرسىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى سىز يولۋاس ئەمەستە، يولۋاسنىڭ ھەممە چىشى ئېزىق چىش، شۇڭا ئۇ گۆشلا يەيدۇ. مانا بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى.

ئۇنداقتا قانداق ئاقسىل ئەڭ ياخشى؟ بېلىق تۇردىكى ئاقسىل ئەڭ ياخشى. بېلىقنى كۆپ يەيدىغان جايلار ئالياسكا، جۇشەن تاقىم ئارىلى. بېلىقنى قانچە كۆپ يېسە، قان ـ تومۇرلار شۇنچە يۇمشايدۇ، تاجىسمان يۈرەك كېسىلى، مېڭىگە قان چۈشۈش كېسىلى شۇنچە ئاز يۈز بېرىدۇ. ئۆسمۈرلۈك ئاقسىلىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى سېرىق پۇرچاق، پۇرچاق ئاقسىلى ساغلاملىق يېمەكلىكى بولۇپلا قالماي، ھەر خىل ئاياللار كېسىلىگىمۇ شىپا قىلىدۇ. جۇڭگودا ئاياللار 50 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ناھايىتى ئوبدان تۇرىدۇ. 50 ياشتىن كېيىن تۇرمۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، سەۋەب نېمە؟ ھەيز كېسىلىش مەزگىلىدىكى ئۇنىۋېرسال كېسەللىك. ھەيز كېسىلىش مەزگىلىدە ئاياللار تۇرۇپلا تەرلەيدىغان، تۇرۇپلا ناھايىتى ئاچچىقلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ، مانا بۇ ھەيز كېسىلىش مەزگىلىدىكى ئۇنىۋېرسال كېسەللىكنىڭ ئاياللارغا كۆرسەتكەن تەسىرى. چەت ئەللىك ئاياللارچۇ؟ ئۇلار ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇلار 50 ياش، 60 ياش، 70 ياش، 80 ياشقا كىرسىمۇ ئوبدانلا تۇرىدۇ. چەت ئەللەردە 80 ياشتىن ئاشقان مومايلار ئۆيىدىن چىقسىلا ماشىنا ھەيدىيەلەيدۇ، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە بېرىپ سۇغا چۈشەلەيدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، نېمە ئۈچۈن 50 ياشتىن ئىلگىرى ياخشى تۇرۇپ، 50 ياشقا كىرگەندىن كېيىن سەمىرىپ كېتىدۇ، قان بېسىم ئۆرلەپ، سۆڭەكلىرى بوشاپ، تېزلا مومايغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ چۈنكى بىزدە فىزىئولوگىيىلىك ئانىلىق گورمونىنى تولۇقلاش يېتەرلىك ئەمەس. چەت ئەللەردە ھازىر DVA نى ئىشلىتىۋاتىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى نۇرغۇن ئاياللارمۇ DVA نى ئىشلىتىۋاتىدۇ. پۇرچاقتا مانا مۇشۇنداق ئانىلىق گورموننىڭ رولى بار، بۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ ھەيز كېسىلىش مەزگىلىدىكى ئۇنىۋېرسال كېسىلىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

(4) «تۆت» دېگەنلىك: تاماقتا قارا ئاشلىقمۇ، ئاق ئاشلىقمۇ بولۇش، تاماق تۇزسىزمۇ، تۇزلۇقمۇ بولۇپ كەتمەسلىك، كۈندە مەيلى ئۈچ ۋاخ، تۆت ۋاخ، بەش ۋاخ تاماق يەيلى، قورساقنى چالا تويغۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ. قارا ئاشلىق بىلەن ئاق ئاشلىقنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق بولۇش، ھەپتىدە ئۈچ، تۆت ۋاخ قارا ئاشلىق يەپ بېرىش كېرەك. قوناق، كۆممىقوناق، تاتلىقيانچۇغا ئوخشاش قارا ئاشلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بەرسە، ئوزۇقلۇق ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. تۆۋەندە قورساقنى بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىك ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

2003.5

يولداشلار، قورساقنى بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىك دېگەن سۆزنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالماڭلار، بۇنى ئەستە چىڭ تۇتساڭلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرقى زاماندىمۇ، جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە قوللانغان ئۇسۇل ـ چارىلەرنى يەكۈنلىگەندە نەچچە 100 خىلغا يېتىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭ بىرىمۇ ئۈنۈملۈك ئەمەس. جامائەتچىلىك ھەققىي ئېتىراپ قىلغان ئۆمۈرنى ئۇزارتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تۆۋەن كالورىيىلىك ئوزۇقلۇق، ئېنىقنى ئېيتقاندا قورساقنى چالا تويغۇزۇشتۇر. مۇشۇ بىرلا ئۇسۇل قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرقى زاماندىمۇ، جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدىغان ئۇسۇلدۇر. پادىشاھ چىن شىخۇاڭغا ئوخشاش قېرىماسلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان دورىنى ئىزدەشنىڭ ئۆزى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك. ئامېرىكىدىكى ئالىملار مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: ئۇلار 100 مايمۇننى قانچىلىك يەيمەن، دېسە شۇنچىلىك نەرسە بېرىپ باققان. يەنە 100 مايمۇننىڭ قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋەتمەي، چالا تويغۇزۇپ باققان. نەتىجىدە ئون يىلدىن كېيىن، قانچىلىك يېگۈسى كەلسە، شۇنچىلىك يېگەن 100 مايمۇندىن كۆپىنچىلىرى سەمرىپ، جىگىرىنى ماي قاپلاپ كەتكەن، 100 مايمۇندىن 50 ى تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى، يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلگەن. باشقا 100 مايمۇننى ئون يىل باققاندىن كېيىن، ئاران 12 سى ئۆلگەن، قالغانلىرى ھازىرمۇ بار ئىكەن. كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇزۇن ياشىغان مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى بەك تويغۇزۇۋەتمەي بېقىلغان مايمۇنلار ئىكەنلىكى بايقالغان. قورساقنى بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىك ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم. جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە ساغلام بولاي دېسەڭ، قورسىقىڭنى بەك تويغۇزۇۋەتمە، دەيدىغان گەپ بار، بۇ گەپ ناھايىتى ئورۇنلۇق. ئامېرىكىدا داڭلىق بىر مۇتەخەسسىس بار، 1000 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە يازغان، جۇڭگوغا كېلىپ دەرس سۆزلىگەن. بىر قېتىم دەرس سۆزلەپ بولۇپ، 21 ـ ئەسىرگە كىرەي دېدۇق، ھەممىڭلارنىڭ ساغلام بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، سىلەرگە مۇھىم ئىككى كەلىمە سۆزنى ھەدىيە قىلاي، ئۇ ھەرقانداق دورىدىنمۇ شىپالىق دېگەن. بۇ ئىككى كەلىمە سۆزنىڭ بىرى، قورساقنى چالا تويغۇزۇش، يەنى تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قورسىقى تويۇپ، كۆزى تويمىغاندا دەرھال داستىخاندىن قوپۇپ كېتىش؛ يەنە بىرى، بىناغا چىقىش، پىيادە مېڭىش، ئاستا يۈگۈرۈش. دۇنيادا ئەڭ ياخشى ھەرىكەت پىيادە مېڭىشتۇر. ئەمەلىيەتتە نورمال ھەرىكەت دىئابېت كېسىلى، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى ۋە قان بېسىم كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(5) «بەش» دېگەنلىك: 500 گرام كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋە دېگەنلىكتۇر. يولداشلار، كىشى ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئازاب راك كېسىلىگە، بولۇپمۇ ئاخىرقى مەزگىللىك راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش. قانداق قىلغاندا راك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ يېڭى كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى داۋاملىق يەپ تۇرۇش ـ راك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر. يېڭى كۆكتاتلار ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تەركىبى تولىسىدا راك كېسىلىنى ئازايتالايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەت بار. خېنەن ئۆلكىسىدە لىنشيەن دېگەن بىر ناھىيە بار، ئۇ دۇنيا بويىچە قىزىلئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بولغانلار ئەڭ كۆپ جاي ئىدى. كېيىن ۋىتامىن، يېڭى كۆكتاتلار ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، قىزىلئۆڭگەچ راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار كۆرۈنەرلىك ئازايغان. دېمەك، ئوت ـ ياش ۋە مېۋە ـ چېۋىنى داۋاملىق يەپ بەرسە، راك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش دېگەن مانا شۇ.

قىزىل، سېرىق، يېشىل، ئاق، قارا دېگىنىمىز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

(1) «قىزىل» دېگىنىمىز: كۈندە بىر تال پەمىدۇر يەپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. قارىسام بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئەرلەر كۆپ ئىكەن، مەن ئەرلەرگە كۈندە بىر تال پەمىدۇر يېيىشنى ئەسكەرتىپ قويماقچىمەن. ئەرلەر كۈندە بىر تال پەمىدۇر يەپ بەرسە، مەزى بېزى راكى كېسىلىنى 45% ئازايتقىلى بولىدۇ. ياخشى پىشقان پەمىدۇرنى يېسەڭلار، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. چۈنكى پەمىدۇر ماينى پارچىلايدۇ. سالامەتلىكى ياخشىلار ئازراق قىزىل ئۈزۈم ھارىقى ئىچىپ بەرسە بولىدۇ. لېكىن جىق ئىچسە

MIRAS

بولمايدۇ. ئازراق هاراق ئىچىپ بېرىش سالامەتلىككە پايدىلىق، هاراقنى كۆپ ئىچىش نۇرغۇنلىغان بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ %50ى، قاتناش هادىسىلىرىنىڭ %49ى، بىمارلارنىڭ %25ى هاراق ئىچىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. هاراق بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى. لېكىن هاراقنى ئازراق ئىچىپ بەرگەن ياخشى. دۇنيا سەهىيە تەشكىلاتى هاراقنى قانچە ئاز ئىچسە، شۇنچە ياخشى دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېسەلى يوقلار، جىگەرنى ماي قاپلاپ كېتىش كېسىلى، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى بولمىغانلار ئازراق قىزىل ئۈزۈم هارىقى ئىچىپ بەرسە بولىدۇ. روهىي كەيپىياتى تۆۋەن ئادەم ئازراق قىزىل لازا يەپ بەرسە روهىي كەيپىياتنى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، قىزىل لازا روهىي كەيپىياتنى كۆتۈرۈپ، ئەنسىزلىكنى يېنىكلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

(2) «سېرىق» دېگىنىمىز: جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى توغرىسىدا بايا توختىلىپ ئۆتتۇم. جۇڭگولۇقلاردا كالتسىي ۋە ۋىتامىن A يېتىشمەيدۇ. كالتسىي بىلەن ۋىتامىن A يېتىشمىسە قانداق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ؟ بالىلار ئاسانلا زۇكام بولۇپ قىزىتمىسى ئۆرلەيدۇ، ئاڭگىنا قوزغىلىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىقلار ئاسانلا راك كېسىلى ۋە ئارتېرىيە قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ياشانغانلارنىڭ كۆزى تورلىشىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ. ۋىتامىن Aنى تولۇقلىسا، بالىلارنىڭ كېسەللەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ياشانغانلارنىڭ كۆزى تورلاشمايدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاشىدۇ. سەۋزە، تاۋۇز، تاتلىقياڭيۇ، كۆممىقوناق، چاقما كاۋا، قىزىل لازىدا ياكى قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك كۆكتاتلاردا ۋىتامىن A كۆپ.

(3) «يېشىل» دېگىنىمىز: ئىچىملىكلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئىچىملىك چاي. چاينىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە يېشىل چاي ئەڭ ياخشى، يېشىل چاينى ئىچسە ئادەم ئوڭاي قېرىمايدۇ، ئىچكەنسېرى ياشىرىدۇ. بىر قېتىم مەن فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى ۋۇيىشەن تېغىغا بارغاندا، چايچى دېهقان: ـــ بىزنىڭ چېيىمىزنى ئىچسىڭىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈسىز، ـــ دېدى. ـــ نېمىشقا؟ ـــ دەپ سورىسام، چايچى دېهقان: بۇ چاي بەك ياخشى، يۇرتىمىزدا مۇشۇ چاينى ئىچىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر ناهايىتى كۆپ، ـــ دېدى. مەيلى ئۇ نېمىدەپ تەرىپلىسە تەرىپلىسۇن، چاي ئىچسە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئۆسمە ۋە ئارتېرىيە قېتىش كېسەللىكىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق.

(4) «ئاق» دېگىنىمىز: ئۇ ئارپىخان (يەنمەي) ئۇنى، ئارپىخان يارمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ساچىر خانىمدا خولېستېرىن ناهايىتى يۇقىرى بولۇپ، دورا يېمەي، ئارپىخان بولكىسى يەپ ساقايغانىكەن. گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ پېشۋاسى چېن لىفۇ 101 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇمۇ كۈندە ئەتىگەندە ئارپىخان ئۇمىچى ئىچىدىكەن. بېيجىڭدا نۇرغۇن كادىرلار ۋە بىمارلار كۈندە ئەتىگەندە ئارپىخان ئۇمىچى ئىچىدۇ، مەنمۇ كۈندە ئەتىگەندە بىر سەر ئارپىخان ئۇمىچى ئىچىمەن. ئارپىخان ئۇمىچى ناهايىتى ئەرزان، ئۇنى بىر ئاي ئىچسە، ئۇنىڭغا كەتكەن پۇل بىر تال دورىنىڭ پۇلىغىمۇ يەتمەيدۇ. ئارپىخان ئۇمىچىنى ئاساسىي يېمەكلىك قاتارىدا يېسە بولىدۇ، سىز بىر سەر ئارپىخان ئۇمىچى ئىچسىڭىز، بىر سەر هورنانىنى ئاز يېگەن بولىسىز، بىر سەر هورنان ئۈچ مو بولسا، بىر سەر ئارپىخان ئۇمىچى تۆت مو، ئۇ هورناندىن ئاران بىر مو قىممەت. ئارپىخان ئۇمىچىنى بىر ئاي ئىچسىڭىز، ئاران ئۈچ يۈەن ئارتۇق خەجلىگەن بولىسىز. قاندىكى ماي تەركىبىنى چۈشۈرىدىغان دورىنىڭ بىر تېلى بەش يۈەن، بەش يۈەنلىك ئارپىخان بىر ئاي يېتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۈنۈمى ناهايىتى ياخشى. ئارپىخان ئۇمىچىنى ئىچسە، خولېستېرىن ۋە ترىگلىتسېرىدنى تۆۋەنلەتكىلى بولۇپلا قالماي، يەنە دىئابىت كېسىلىگە، ئۈرۈۋاقلاشقا، بولۇپمۇ چوڭ تەرەتنىڭ راۋان بولۇشىغا بەك پايدىلىق. ياشانغانلارنىڭ چوڭ تەرىتى كۆپىنچە قېتىۋالىدۇ، مېڭە قان تومۇرلىرىدا كۈتۈلمىگەن ئەهۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئارپىخان ئۇمىچىنى ئىچسە چوڭ تەرەت راۋان بولىدۇ. هازىر ساختا، ناچار نەرسىلەر ناهايىتى كۆپ، تاماكا، هاراق، دورا، ئادەم ۋە دىپلوملارنىڭمۇ ساختىسى بار. ئارپىخاننىڭمۇ ساختىلىرى كۆپ. ھەقىقىي ياخشى ئارپىخان جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئىشلەنگەن «شىجۇاڭ» ماركىلىق ئارپىخان، ئۇ جۇڭگودىكى 990 خىل ئارپىخان ئىچىدىن تال-

لىۋېلىنغان ئەڭ ياخشى ئارپىخان.
(5) «قارا» دېگىنىمىز: ئۇ قارا مورنى كۆرسىتىدۇ.
قارا مور بەك ياخشى نەرسە، ئۇ قاننى سۈيۈلدۈرىدۇ. بايا
مىسال قىلغان بايۋەچچىنىڭ قېنى بەك قويۇق ئىكەن، ئۇ
قارا مور يېسە تازا باب كېلىدۇ. قارا مورنى يېگەندىن كې-
يىن، قان سۈيۈلىدۇ. ئاسانلىقچە مېڭە قان نوكچىسى كې-
سىلى، تاجىسىمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولمايدۇ.
ھازىر ياشانغانلاردا كۆرۈلىدىغان جىمغۇرلۇق كېسىلى ئە-
مەلىيەتتە نۇرغۇن قىل قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇپ قال-
غانلىقىدىن پەيدا بولغان. چوڭ قان تومۇرى تۇيۇقسىز
توسۇلۇپ قالسا ئادەم پالەچ بولىدۇ، چوڭ قان تومۇرى
يېرىلسا، مېڭىگە قان چۈشىدۇ. قىل قان تومۇرى ئاستا ـ
ئاستا توسۇلىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا مېڭە ئىشلىمەيدىغان بو-
لۇپ قالىدۇ، ھاڭۋاقتى بولۇپ خاتىرىسىنى يوقىتىدۇ،
بۇنداق ئەھۋال كۆپىنچە قاننىڭ بەك قويۇق بولغانلىقىدىن
پەيدا بولىدۇ. بۇنداق كېسەللەر قارا مور يېسە شىپا تاپىدۇ.
كۈندە بەش گرامدىن ئون گرامغىچە قارا مور يەپ بەرسە
ئەڭ مۇۋاپىق. بىر جىڭ قارا مور 50 كۈندىن 100 كۈنگىچە
يېتىدۇ. دېمەك، قارا مورنى كۈندە يەپ بېرىش كېرەك،
ئۇنى شورپا قىلىپ ئىچسىمۇ، قورۇپ يېسىمۇ بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق دوختۇر ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى بىر
جۇڭگولۇقنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋېتىپ ئۇنىڭدىن:ــ نېمە
ئىش بۇ، دورىنى ئارتۇق يەۋالغان ئوخشىمامسىز،ــ دەپ
سوراپتۇ. كېسەل:ــ يوقسۇ، دورىنى ئارتۇق يەۋالمى-
دىم،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ــ غەلىتە ئىشقۇ، ئۇنداقتا نېمە
يېگەنتىڭىز،ــ دەپ سوراپتۇ دوختۇر. ئۇ:ــ ئالدىنقى كۈنى
كاناداغا بېرىپ، جۇڭگو تامىقى يېگەنتىم، قورۇمىدا گۆش،
تۇخۇم، قارا مور بار ئىكەن،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
دوختۇر ئويلاپ كۆرۈپ:ــ سىزگە پايدا قىلغىنى ئېھتىمال
گۆشمۇ ئەمەس، تۇخۇممۇ ئەمەس، جۇڭگولۇقلار ياخشى
كۆرىدىغان ھېلىقى غەلىتە نەرسە بولۇشى مۇمكىن، يەنە
كاناداغا بېرىپ شۇ نەرسىنى يەپ كۆرۈڭ،ــ دەپتۇ. كېسەل
يەنە كاناداغا بېرىپ قارا مور يەپتۇ، دېگەندەك ئۇنىڭ
ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بوپتۇ. ئاخىر دوختۇر تەتقىق قىلىش
ئارقىلىق جۇڭگودا ئۆسىدىغان قارا مورنىڭ قاننىڭ يې-
پىشقاقلىقىنى تۆۋەنلىتىش رولى بارلىقىنى بايقاپتۇ. قارا
مورنىڭ رولى توغرىسىدىكى ماقالە ئېلان قىلىنىش بىلەنلا
تەيۋەندە ھەممىلا ئادەم قارامور يېگەن. كېيىنكى كۈنلەردە
بېيجىڭ ئۆپكە كېسەللىكلىرى داۋالاش مەركىزى قارا
مورنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان. توشقان بىلەن چاشقانغا
بەش گرامدىن ئون گرامغىچە يېگۈزسە، قاننىڭ يېپىش-
قاقلىقى تۆۋەنلىگەن. مەن بىر تەيۋەنلىك كارخانىچىنىڭ
كېسىلىنى كۆردۈم، ئۇ بەك باي ئىكەن. بۇ ئادەم تاجى-
سىمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا، قان تومۇ-
رىنىڭ ھەممىسى توسۇلۇپ كەتكەن، شۇڭا ئامېرىكىغا
بېرىپ يۈرەك قان تومۇرىغا كۆۋرۈك سېلىش ئوپېراتى-
سىيىسى قىلدۇرماقچى بوپتۇ. ئامېرىكىغا بېرىپ كۆرۈن-
گەندىن كېيىن دوختۇر:ــ ھازىر بولمايدۇ، بىمارلار ئۆ-
چىرەتتە تۇرغۇزۇلۇپ بولدى، بىر يېرىم ئايدىن كېيىن
كېلىڭ،ــ دەپتۇ. بىر يېرىم ئايدىن كېيىن، دوختۇر ھېلىقى
بىمارنىڭ تاجىسىمان قىزىل قان تومۇرىنى سايىلاندۇ-
رۇپ رەسىمگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۈچ قان
تومۇرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بايقاپ:ــ كېسىلىڭىز ساقىيىپ-
تۇ، قان تومۇرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئېچىلىپ كېتىپتۇ،
كۆۋرۈك سېلىش ئوپېراتسىيىسى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق-
كەن، قايتىپ كېتىڭ،ــ دەپتۇ. ئۇنىڭدىن:ــ قانداق داۋا-
لاندىڭىز،ــ دەپ سورىسام،ــ ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ
يۈرگەن بىر رېتسېپتىن پايدىلاندىم، يەنى قارا موردىن
ئون گرام، مايسىز گۆشتىن بىر سەر، زەنجىۋىلدىن ئۈچ
ياپراق، چوڭ چىلاندىن بەش تالنى ئالتە پىيالە سۇغا
سېلىپ سۇس ئوتتا ئىككى پىيالە قالغۇچە قايناتتىم، ئۇ-
نىڭغا تېتىتقۇ، ئازراق تۇز سېلىپ ھەر كۈنى بىر قېتىم-
دىن ئىچىپ بەردىم، ئۇنى 45 كۈن ئىچتىم. مېڭە قان
تومۇر نۇكچىسى ئېرىپ كېتىپتۇ،ــ دېدى. رەسىمگە ئې-
لىپ تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن بولسامۇ، بۇنىڭغا پۈتۈنلەي
ئىشەندىم. قىسقىسى، قارا موردىن بەش گرامدىن ئون
گرامغىچە ئىستېمال قىلىپ بەرسە، قاننىڭ يېپىشقاقلىق
دەرىجىسىنىڭ چۈشىدىغانلىقى ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق
ئىسپاتلانغان. مانا بۇ مۇۋاپىق ئۇزۇقلىنىشقا قارىتىلغان
«بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش ۋە قىزىل، سېرىق،
يېشىل، ئاق، قارا» دېگەنلەرنىڭ مەنىسى.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# نامراتلار نېمىشكە نامرات

كاتتا باي بولۇشنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن نامرات ئىكەنلىكىنى بىلمەكلىكى كېرەك.

بىر ھېكايىدە مۇنداق بىر ۋەقە سۆزلەنگەن: بىر نامرات بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئايالى بازاردىن بىر دانە تۇخۇم سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. تۇخۇمنى كۆرۈپ ئېرىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئايالىغا مۇنداق دەپتۇ:

– ئەگەر بۇ تۇخۇمدىن توخۇ چىقارساق، توخۇ تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇمدىن يەنە توخۇ چىقارساق، توخۇلارنى بازارغا ئاپىرىپ بىر قويغا تېگىشسەك، قويلار تۆللەپ كۆپەيگەندە كالا سېتىۋالساق، كالا موزايلىسا كالىلارنى سېتىپ، يەر سېتىۋېلىپ ئۆي سالساق، ئاندىن مەن بىر توقال ئالسام..... گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئېرىنىڭ گەپلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتقان ئايالى دەرغەزەپ بولۇپ، قولىدىكى تۇخۇمنى بىر ئاتقان ئىكەن، تۇخۇم پاللىدە چېقىلىپتۇ – دە، ھېلىقى نامرات ئەرنىڭ شېرىن خىيالى يوققا چىقىپتۇ.

بۇ نامرات كىشى ئېھتىمال كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ قويغىنىغا، ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالىنىڭ بەربات بولغانلىقىغا بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىپ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۆز ۋاقتىدا مارتىن. لۇتىر. كىڭنىڭ (ئامېرىكىلىق نېگىر، نېگىرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان مەشھۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى قەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان) «مېنىڭ غايەم» دېگەن نۇتۇقى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغان ئىدى. گۈزەللىككە تەلپۈنمەك ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق تەبىئىتى. نامراتلارمۇ ئادەم، بايلاردىكى ھەۋەس ئۇلاردىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭ بىلەن نامراتلارنىڭ كېلەچىكى قاراڭغۇ، ئۈمىد يوق دېگەنلىك كېلىپ چىقمايدۇ. بىراق نامراتلارنىڭ تەقدىر قىسمىتى ھەقىقەتەن ئەگرى – توقاي بولىدۇ.

نەزىرىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلگەندە كۈنگە باغلام – باغلام پۇل تېپىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس. نۇرغۇنلىغان بايلار، مەسىلەن: بىل گېيتسنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەبلىغى بىر تۇخۇمدىن قېلىشمايتتى.

لېكىن دۇنيادا نامراتلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. تۇخۇممۇ ساناقسىز. بىل گېيتستىن پەقەتلا بىرىلا چىقتى، كېيىنكىسى كىم؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس.

مەبلەغ ئاز بولغانسېرى خەتىرى كۆپ بولىدۇ. نامرات كىشىنىڭ قولىدىكى بىر تۇخۇم شۇنداق بىر يەرگە تېگىپ كەتسىلا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈگىشىشمۇ مۇمكىن، مانا بۇ نامراتلارنىڭ بىقۇۋۇللىقى.

## نامراتلارنىڭ يېتەرسىزلىكى

نامراتلار ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا سېلىشتۇرۇشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئۇلار دائىم «مەن باشقىلاردىن كۈرۈمسىز»، «مېنىڭ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش قول ئىلكىدە بار ئاتام يوق تۇرسا»، «مەن جاڭگىلى باياۋاندا تۇغۇلۇپتىكەنمەن ئەمەسمۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

بايلار بولسا ئۇنداق ئەمەس، باي بولغاچقا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىدۇ. شۇڭا يېتەرسىزلىكلىرىنى بوينىغا ئېلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ پەر-

قىنى كۆرەلەيدۇ.

نامراتلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىشى نامرات بولۇپ قېلىشقا سەۋەب كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بايلارنىڭ يېتەرسىزلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىشى ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈندۇر. يەنى ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇپ، بۈگۈنكى ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر.

شۇڭا نامراتلار ئاجىزلىقىنى سۆزلىگەندە كىشىلەردە ھېسداشلىق تۇيغۇسى قوزغىسا، بايلار ئۆزلىرىدىكى ئاجىزلىقلارنى سۆزلىگەندە كىشىلەردە قايىل قىلىش، ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ.

چاچ چۈشۈپ كېتىشنى مىسالغا ئالساق، بايلارنىڭ تاقىرباش بولۇپ قېلىشى ئەقلىنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكتىن بولغان، ئەقىللىق باشتا چاچ ئۆسمەيدۇ دەپ قارالسا، نامراتلارنىڭ تاقىرباش بولۇپ قېلىشىنى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولۇپ قالغان، بۇ بالدۇر قېرىشنىڭ ئالامىتى، بۇ كاللا بەئەينى قاپاقىلا ئوخشاپ قاپتۇ، دېگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ.

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئوپمۇئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بايلار يېتىدىن چۈشمەي باشقىلارنى قايىل قىلىۋېرىدۇ. نامراتلارنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتسىمۇ، باشقىلار كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرۇۋېرىدۇ، شۇڭا باي دېگەن باي، نامرات دېگەن يەنىلا نامرات.

### نامراتلارنىڭ ئادىتى

بىر ھېكايىدا مۇنداق دېيىلگەن: نامرات بىر كىشى بار ئىكەن، بىر باينىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇنى باي قىلىۋەتكۈسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي ھېلىقى نامرات كىشىگە بىر تۇياق كالا سوۋغا قىلىپتۇ ۋە كۆپرەك بوز يەر ئېچىپ ھوسۇلنى جىق ئالسا نامراتلىقتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپتۇ.

نامرات كىشى زور ئىشەنچ بىلەن ئىشنى باشلاپتۇ. ئەمما بىر نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي قورسىقى نان، كالىسى سامان دەپتۇ. ئۇنىڭ كۈنلىرى تېخىمۇ تەسكە توختاپتۇ. نامرات كىشى كالىنى بىر نەچچە تۇياق قويغا تېگىشىپ، بىر قويىنى يەپ، قالغان قويلار تۆللىگەندە ئورنىنى تولۇقلىۋالارمەن، پۇلغا يارىغۇدەك بولغاندا ساتارمەن، قولۇممۇ پۇل كۆرەر، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كالىنى قويغا تېگىشىپتۇ.

قويدىنمۇ بىرنى يەپ بوپتۇ، بىراق قالغان قويلار ۋاقتىدا تۆللىمەپتۇ. ناماراتنىڭ كۈنلىرى تېخىمۇ تەسكە چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر قويىنى يەپتۇ. نامرات كۆڭلىدە «بۇنداق كېتىۋەرسەم قويلارنى يەپ بولغۇدەكمەن، قويلارنى توخۇغا تېگىشىپ، توخۇلار تۇغسا تۇخۇمنى سېتىپ بېيىمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، قويلارنى توخۇغا تېگىشىپتۇ.

ئىش ناماراتنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماپتۇ. ئۇ ئاچلىقتا چىدىماي توخۇلىرىنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئاخىرقى بىر توخۇ قالغاندا ناماراتنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىقىپتۇ، ئۇ ئاخىرقى توخۇسىنى سېتىپ بىر شىشە ھاراق ئېلىپ تازا ئىچىپ ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ.

كۆكلەم پەسلىدە ھېلىقى ياخشى نىيەتلىك باي ناماراتنى تېرىسۇن دەپ بىر مۇنچە ئۇرۇقلارنى ئېلىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۇ نامرات كىشى تۇزلىغان سەي بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغۇدەك. ئىلگىرىكى ھالىتىدىن قىلچە ئۆزگىرىش يوق، ھەتتا كالىمۇ يوق تۇرغۇدەك.

باي كېتىپ قاپتۇ، نامراتمۇ نامراتلىق ھالىتىدە قېلىۋېرىپتۇ.

نۇرغۇن نامراتلاردا باي بولۇش ئارزۇلىرى بولغان، ھەتتا پۇرسەتمۇ بولغان، ئۇلارمۇ ھەرىكەت قىلىپ باققان. ئەمما داۋاملىق تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلىرى بەك ئاز.

بىر مەبلەغ سېلىش مۇتەخەسسىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى پۇلى يوق چاغلاردا ھەرقانچە قىيىنچىلىققا يولۇقسىمۇ، مەبلەغ سالىدىغان پۇلغا ۋە يىغقان پۇلغا قول سۇنماسلىق ئىكەن. كىشىلەردە بېسىم بولغاندا پۇل تېپىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئويلاپ تاپالايدۇ. باش قاتۇرۇپ، ئەقىل ئىشلىتىپ ئىزدەنسىلا قەرزلەردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، بۇ بىر ياخشى ئادەت. خاراكتېر ئادەتكە ئايلىنىدۇ، ئادەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى بەلگىلەيدۇ.

### نامراتلارنىڭ ئەركىنلىكى

قانچە باي بولغانسېرى ئويلايدىغانلىرى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، يۈكىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلىشقا چەك قويۇلىدۇ.

ئەگەر بىر نامرات توي قىلىشقا سەرپ قىلىدىغان پۇلنىمۇ قەرزگە ئالغان بولسا، توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئو-

بىپىكتى بىلەن مال ـ مۈلكىنى ئەنگە ئالدۇرۇپ، كەلگۈسىدە يا ئۇنداق يا مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجراشقاندا مال ـ مۈلۈكنى قانداق تەقسىملەشنى كېلىشمەكچى بولسا ئۇنى خەقلەر چوقۇم كالللىسىدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، ساراڭمىكىن دېيىشى مۇمكىن. بىراق بايلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ بىر رېئال مەسىلە.

1998 ـ يىلى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ پىرى مودوك بىلەن ئايالى ئاننا ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولىدۇ. مودوكنىڭ شىركىتى تۇرۇشلۇق كالىفورنىيە شتاتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا 30 يىلدىن نىكاھ تارىخى بارلار نىكاھنى ئاخىرلاشتۇرسا مال ـ مۈلۈكنى يېرىمىدىن بۆلۈشۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، شۇ چاغلاردا مودوك ئەر ـ خوتۇننىڭ مال ـ مۈلكى 6 مىليارد 500 مىليوندىن ئاشاتتى.

مودوكنىڭ ئايالى ئاننا تەشۋىقات شىركىتى لىدىرىيەتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئاجرىشىش شىركەتنىڭ مالىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە شىركەت تىجارەت پىلانىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولغان خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، ئاخبارات شىركىتىنىڭ پاي چېكى چۈشۈپ كەتتى. ئەزەلدىن بويۇنتاۋ (بويىنى قاتتىق) مودوكمۇ ئامالسىز ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكنى بۆلۈشۈشتە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى، نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ شىركەت تىجارىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

كىشىلەر گەرچە مودوك ئەر ـ خوتۇننىڭ نىكاھ ۋە مالىيە كرىزىسى يۈز بەرگەن كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغان ئىشلارنى سىرتتىكى كىشىلەرمۇ ھېس قىلالايدۇ. ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىش نەچچە مىليارد دوللارغا ھەمدە زور كۆلەملىك، يەر شارى خاراكتېرلىك كارخانا گۇرۇھىغا باغلانغاندا بۇ ئادەتتىكى بىر نىكاھ ئىشى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

چەت ئەللەردە كارخانا خوجايىنلىرىنىڭ نىكاھ ئىشى ئادەتتە لىدىرىيەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىدىغان مۇھىم ئىشى قاتارىدا سانىلىدۇ ھەمدە پايچېكلارنىڭ مەبلەغ سېلىش نىشانى بولۇپ قالىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك دۇنيادىكى بىرىنچى باي بىل گېيتىس ئايالى مېلىندا بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرىلا مال ـ مۈلۈك توغرىسىدا تەپسىلىي كېلىشىمنامە تۈزۈشكەن ئىدى. بۇ كېلىشىمنامىنى تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار بىل گېيتىس ئەر ـ خوتۇن تەرەپ بولماستىن، بەلكى مىكروسوفت شىركىتىنىڭ لىدىرىيەت يىغىنى ئىدى. ئۇلار بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا «شىركەتنىڭ بىخەتەرلىكى»نى ئاساس قىلغان، لىدىرىيەت يىغىنىنىڭ شىركەت خوجايىنلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغا چات كىرىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس. بايلىق بۇ كىشىلەرنىڭ نىكاھىدا پەقەت مال ـ مۈلۈك مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى شىركەتنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىش ـ تاپماسلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن بايلار يېنىكلىك بىلەن ئالدىراپ توي قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا مال ـ مۈلۈك ۋە كەسىپكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت بۇرچى بولىدۇ. دوستىغىمۇ، ھەمراھىغىمۇ كۆڭلىنى بەك بېرىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇ نوقتىلاردىن قارىغاندا چىشنىڭ كىرىنى شۈمۈپ، ئاچ، توق ئۆتكەن نامراتلارنىڭ كۆنى بايلارنىڭكىدىن ئەركىن ۋە بەختلىكرەك بولىدۇ.

## سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگىچە

ھەممىمىزگە مەلۇم مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر پادىشاھ ۋەزىرىنى تارتۇقلىماقچى بولۇپ ۋەزىرىدىن نېمە تەلىپى بارلىقىنى سورىغان ئىكەن. ۋەزىرى «تەلىپىم يوقىرى ئەمەس، پەقەت شاھمات تاختىسىنىڭ بىرىنچى كاتەكچىسىگە بىر تىللا، ئىككىنچى كاتەكچىسىگە ئىككى تىللا، ئۈچىنچى كاتەكچىسىگە تۆت تىللا، تۆتىنچى كاتەكچىسىگە 16 تىللا قويۇپ شۇ بويىچە ھەسسىلىتىپ شاھمات تاختىسىدىكى 64 كاتەكچىنى تىللا بىلەن توشقۇزۇپ بەرسىڭىزلا مېنىڭ تەلىپىم ئورۇندالغان بولىدۇ» دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ كۆرمەيلا «بۇ ئاددىي تەلەپ»كە يېنىكلىك بىلەن ماقۇل بولۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شاھمات كاتەكچىسىگە تىللالارنى قويغىلى تۇرغان ئىكەن، شاھمات تاختىسىدىكى 64 كاتەكچىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ خەزىنىسىدىكى بارلىق تىللالىرىنىڭمۇ كەملىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. گەرچە دېيىلمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن شاھمات كاتەكچىسىگە قويۇلىدىغان تىللالار ۋەزىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەسسىلەپ كۆپەيتىلىپ مېڭىلسا، ئۇنداقتا 64 كاتەكچىنى تولدۇرۇشقا كېتىدىغان تىللالارنىڭ سانى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

نامراتلارنىڭ روناق تاپىمىقى بەك تەس، نامراتلارنىڭ

ئىش باشلىمىقمۇ تەس، شۇنداقلا شۇ ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشمۇ تەس. بىر ئىشنى رويابقا چىقىرىش، بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىششقا توغرا كېلىدۇ. باشلىغان ئىشنى بەلنى مەھكەم باغلاپ چىشنى چىشقا چىشلەپ داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىن نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇئەييەن ئۇلى، ئاساسى بولىدۇ. ئاساس، ئۇل ساندىن سۈپەتكە ئۆزگىرىشنىڭ جەريانى. ئەگەر شاھمات تاختىسىدىكى بىرىنچى تىللا بولمىغاندا 64 ـ كاتەكچىسىدىكى ساناپ بولغىلى بولمايدىغان ھېلىقى سانىنىڭمۇ بولۇشى ناتايىن. بۇ باسقۇچ تولىمۇ ئۇزۇن ھەم جاپالىق بولىدۇ. ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىش ـ بېرەلمەسلىك ھەر كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. بەرداشلىق بېرەلىگەن، چىدىغان كىشىلا تارتقان جاپاسىنىڭ تاتلىق مېۋىسىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ ئەلۋەتتە.

**نامراتلارنىڭ ئەڭ زور مەبلىغى مائارىپ**

20 يىل ئىلگىرى بىر تاغلىق رايوندا بىر نامرات ئائىلە بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا ئاچا ـ سىڭىل ئىككى قىزىدىن بىرىنى ئوقۇتۇشقىلا قۇربى يېتىدىكەن. ئىككى قىزنىڭ قايسىسىنى ئوقۇتۇشنى بىلەلمىگەن ئاتا ئانا ئاخىر ئۇلارغا چەك تارتقۇزۇپتۇ. سىڭلىسىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپتۇ. ئاچىسى ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ئۆيىدە قېلىپتۇ. يىللار ئۆتكەندىن كېيىن سىڭلىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شەھەردە ئوبدان بىر خىزمەت ئورنىغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئاچىسى سەھرالىق خوتۇن بولۇپتۇ. ئەنە شۇ چەك تۈپەيلى ئاچا ـ سىڭىل ئىككەيلەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ھايات يولىغا مېڭىپتۇ. مەبلەغنى مائارىپقا سېلىش كېرەك، نۇرغۇن نامراتلارنىڭ تەقدىرى ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىر خەۋەردە دېيىلىشىچە خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئومۇمىي پەننى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 11 مىڭ 181 يۈەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەرنىڭ بولسا 1708 يۈەن ئىكەن. دېمەك بۇ يەردە بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا يەتتە ھەسسە پەرق بار ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە تۆزۈكرەك ياشاش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ دىپلومى بولۇشى كېرەك.

ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسىلا كارامەت ھېسابلىناتتى. ھازىر ئومۇمىي پەننى تاماملاشنىڭ ئۆزى ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ قالدى. ئاسپىرانتلارمۇ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئېھتىياجلىق ئورۇنلارنىڭ تاللىۋېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ.

تەربىيىلىنىشنىڭ بېسىمى ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئورتاق. ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر ئاھالىلىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپتە ئومۇمىي پەننى ئوقۇتۇش ئۈچۈن قانچە پۇل سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟

جاڭسۇ ئۆلكىسىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، 2001 ـ يىلدىكى مائارىپ چىقىمى سەۋىيىسى بويىچە ھېسابلىغاندا پەرزەنتلىك ئائىلىلەر پەرزەنتىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يىلىغا 5727 يۈەن چىقىم قىلىدىكەن. بۇ ئائىلە كىرىمىنىڭ %27.4 نى ئىگىلەيدىكەن. بىر بالىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشىگە جەمئىي 130 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىدىكەن. بۇ تېخى تۇرمۇش پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، 130 مىڭ يۈەن ئادەتتىكى كىرىملىك ئائىلىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاز پۇل ئەمەس، بۇ پۇلنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىقتىسادچانلىق.

نامراتلىق گۇناھ ئەمەس، بىراق نامرات كىشىلەرنىڭ نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتماسلىقىقا ئامالى يوق. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇسى كەلمەيدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ ياخشى ياشىغۇسى بار، ئەمما پۇرسەت ھەممە ئادەمگە كېلىۋەرمەيدۇ. خۇددى بىز ئېيتىپ ئۆتكەن ھېلىقى ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ھېكايىسىدەك. پۈتۈن دۇنيا ئېلېكترونلۇق تور (ئىنتېرنېت) بىلەن قاپلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئادەم باي بولۇشنى ئويلايدۇ. بىراق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بايلىقى چەكلىك. بايلىق ئاز ساندىكىلەرنىڭ چۆنتىكىگە كەلكۈندەك ئاققاندا كۆپچىلىككە پۇرسەت يا قالىدۇ، يا قالمايدۇ. ئىنتېرنېت دەۋرى ئەقىلنىڭ دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىرى نۇر كابېلدا ئۆز دائىرىسىنى بېكىتىۋېرىدۇ. ئۇلار قەيەرگىلا قول سوزمىسۇن ھېچبىر جاپا تارتمايلا، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ۋە پۇلىنى بويسۇندۇرۇۋالالايدۇ.

ھەرقانداق ئىش بەدەلسىز بولمايدۇ، باي بولغاندىلا ئىشلىمەي ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشىڭىز مۇمكىن. بىراق شۇنداق ياشاش ئۈچۈن باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە تىرىششقا، تىرمىششقا توغرا كېلىدۇ.

---

(گۇگۇ ئىمزالىق بۇ ماقالە «بايقاش» ژۇرنىلىدىن تەرجىمە قىلىندى).

**مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى**

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# يۈتكەن تاش

يالپۇز تەبىئىتى ھۆل سوغۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆتتىكى تاشلارنى ھەيدەش ۋە ئېرىتىشتەك شىپالىق رولى بار. بۇ ھەقتە خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان.

دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا بىر پادىچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرامىغا يەتكەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. پادىچى بىر كۈنى قوي بېقىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇتلا قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىچىنىڭ ئوغلى ئۇياق - بۇياققا چېپىپ، داڭلىق ئەمچىلەرنى تېپىپ كېلىپ، دادىسىنى ئەملىتىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ پايدىسى بولماپتۇ. پادىچى ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالام، بېشىڭنى ئوڭلاپ قويمايلا بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان ئوخشايمەن. ساڭا بىر گېپىم بار، — دەپتۇ.

بالا:

— قانداقلا گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، مەن چوقۇم ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

پادىچى:

— قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى قىيناپ ئاخىرى جېنىمنى ئالىدىغان بولدى، ماڭا خۇددى قورسىقىمنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە باردەكلا تۇيۇلدۇ، شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە قورسىقىمنى يېرىۋەتكەن بولساڭ، مېنى قىينىغان نەرسىنىڭ نېمە ئەكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوقتى. سېنى باققىنىمغا ئىككىلا دۇنيا رازى بولۇپ كېتەي، — دەپتۇ.

بالا قولىغا پىچاقنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دادىسىغا تىغ تەگكۈزۈشكە كۆڭلى قويماپتۇ. ئۇ ئىلاجسىز يەنە بىر پادىچىنى تېپىپ ئۇنىڭغا بۇ ئىشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھېلىقى ئادەم قولىغا پىچاقنى ئېلىپ پادىچىنىڭ قورسىقىنى يارغانىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن مۇشتەك چوڭلۇقتا بىر تال تاش چىقىپتۇ. پادىچى قورسىقىدىن چىققان



تاشنى كۆرۈپلا جان ئۈزۈپتۇ. بالا دادىسىنىڭ قورسىقىدىن چىققان ھېلىقى تاشنى يالداما سۈپىتىدە ساقلاپ يېنىدىن زادىلا ئايرىمايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى پادا بېقىۋاتقاندا ھاردۇق يېتىپ، يېنىدىن ھېلىقى تاشنى ئېلىپ، دادىسىنى ئەسلىگىنىچە بىر چۆپلۈكتە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ قارىسا، تاش يوق تۇرغۇدەك. ئۇ ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ تاشنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئاخىرى، ئۇ زەن سېلىپ قارىغۇدەك بولسا، چۆپنىڭ ئۈستىدە تاشنىڭ ئېرىپ كەتكەن قالدۇقى تۇرغۇدەك، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەردىكى كىشىلەر ھېلىقى چۆپنىڭ تاشنى ئېرىتىۋېتەلەيدىغان خاسىيىتىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ، قورسىقى ئاغرىپ قالغان چاغلاردا ئاشۇ چۆپنى تېرىپ كېلىپ قاينىتىپ ئىچىدىغان بوپتۇ ①. بۇ چۆپنىڭ ئېتى يالپۇز ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىلھامجان تۇردى
توپلىغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

① بۇ رىۋايەتنى مەرھۇم يازغۇچى تۇردى ساماساق ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا ئوغلى ئىلھامجانغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئىلھامجان ئېسىدە قالغىنى بويىچە ماڭا سۆزلەپ بەردى، مەن شۇنىڭغا ئاساسەن قايتىدىن رەتلەپ چىقتىم.

# ئالا ئىنەكنىڭ يۈتۈشى



يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بېغىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئاپتاپپەرەس ۋە يەر ياڭىقى تېرىلغان بولۇپ، پىشىشقا ئاز قالغانىدى. ئون نەچچە ياشلاردىكى ئۈچ ئوغۇل بالا دەرۋازىنىڭ مەھكەم قۇلۇپلاقلىق تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئېگىز تامدىن ئارتىلىپ يەر ياڭىقى ئوغرىلاپ يېمەكچى بولۇشتى. ئۇلار ئېگىز ئاپتاپپەرەسلەر ئارىسىدا يەر ياڭىقى ئىزدەۋاتقاندا، قولىدا يۇلۇۋېتىلگەن بىر تۇتام يەر ياڭىقى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئوتتۇرا ياش ئايال تۇساتتىن پەيدا بولدى. بالىلار ئۇنى ئوغرىلىق قىلغىلى كەلگەن دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

—مەكتىپىمىزنىڭ يەر ياڭىقىنى ئوغرىلاشقا پېتىنغان بۇ ئايالنى دەرھال تۇتۇپ ساقچىخانىغا ئاپىرايلى!—دېدى ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئوغلى،—ئۇنىڭغا بىر - ئىككى مىڭ يۈەن جەرىمانە قويمىسا، خەپ!

—ئۇنى مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساق بىزنى تەقدىرلەيدۇ،—دېدى يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى شان - شەرەپنى ئۇنۇتماي.

—مېنىڭچە يەنىلا ئۆزىمىز بىلگىنىمىز تۈزۈك، بۇ ئايال بىزگە 300 سوم بەرسۇن، بىز ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولايلى،—دېدى ئىقتىسادىي كاللىسى بەكرەك تەرەققىي قىلغان باجخانا باشلىقىنىڭ ئوغلى.

ئوتتۇرا ياش ئايال ئالدىرىماي يېنىدىن خىزمەت كىنىشكىسىنى چىقاردى. ئۈچەيلەن بۇ ئايالنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن چىرايى تامدەك تاتىرىپ كېتىشتى. بىراق، ئۇلار كىچىك بولسىمۇ ھەر ئىشقا ئېپى بار ئىدى.

—«بىر كۆرۈشكەن تونۇش، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان» دەپتىكەن، ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلىپ مېنى قويۇۋېتىڭ، كېيىن مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىش بولسا دەپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، مېنىڭ دادام باجخانىنىڭ باشلىقى،—دېدى باجخانا باشلىقىنىڭ ئوغلى يېنىدىن 100 سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ.

—ھا...ھا...ھا... مەن سىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئىكەنلىكىڭىزنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، بايا سىز بىلەن چاقچاقلىشىپ قويدۇم، مەن سىزگە بىر ئىلىك خەت يېزىپ بېرەي، ئۇنى دادام كۆرسە ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا بېجىرىپ بېرىدۇ،—دېدى يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە.

ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئوغلى تۈيۈقسىز بەتبەشىرە قىياپەتتە ئاۋۇ ئىككەيلەنگە زەھرىنى چاچتى:

—دەرھال بىر پارچە ئىسپات يېزىپ مېنىڭ سەنلەر بىلەن بىللە ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاشقىن!—دېدى ئۇ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ.

# يالان بىلەن توشقان

يالان توشقاننىڭ ئۇزالغۇ ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، بىر قانۇن تۈزۈپتۇ ۋە ئۆزى بىۋاسىتە توشقانغا جاكارلاپتۇ:

— ئاڭلاپ تۇر، مۇبادا بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئىجازىتىڭسىز ئۇزالغۇيىڭغا بېسىپ كىرگۈدەك بولسام، ئۇستۇمدىن ماڭا ئەرز قىلسەن! ـ دەپتۇ ئۇ توشقانغا.

يالان بۇ ئىشنى چىن كۆڭلىدىن قىلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىدە توشقاننىڭ قانۇن قارىشى ئاجىز دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ يالانلارغا ئىشەنمەيدىغانلىقىدىن يەنىلا ئەندىشە قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بېرىپ سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

يالان قەستەن ئىشىكنى چەكمەستىن ئۇسۇپلا كىرىپتۇ ـ دە، بىر بۆجەنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ توشقاننىڭ ئەرزىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىراق، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنمۇ توشقاننىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. يالان غەزەپتىن يېرىلاي دەپتۇ ـ دە، توشقاننىڭ ئۇزالغۇسىغا قايتىدىن كىرىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

— نېمىشقا قانۇنغا ئىتائەت قىلمايسەن؟ — دەپ ھۆكىرەپتۇ ئۇ توشقانغا.

— مېنى قايسى قانۇنغا ئىتائەت قىل دېمەكچىسىز، ئەپەندىم؟ — دەپ سوراپتۇ توشقان.

— ئۇستۇمدىن ئەرز قىلغىلى كەلمىدىڭغۇ؟! — دەپتۇ يالان.

— قاتىللىق قىلغىنىمۇ، ھازىر سوتچى بولغىنىمۇ سىز تۇرسىڭىز، مەن قايسى قاتىلنى قايسى سوتچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن؟ — دەپتۇ توشقان.

يالان غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قاپتۇ ـ دە، توشقاننى بىرلا يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

— بۇ قېتىم توشقاننى ئۆلتۈرۈشۈم ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشىمايدۇ، قىلغان ھەممە ئىشلىرىم قانۇنلۇق، جىنايەتچىنى تۇتقاندىن تارتىپ سوتلاشقا قەدەر بارلىق رەسمىيەتلەر تولۇق بېجىرىلدى، — دەپ جاكارلاپتۇ يالان جامائەتكە.

(«تاللانغان فېلىيەتونلار»نىڭ 2003 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن
داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى)

# قۇشقاچلار روھى

قۇشقاچلار كىچىك ۋە ئاجىز بولغانلىقتىن، تۈرلۈك ئاپەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىۋەردى.

دەرەخ شېخىدا بىر توپ قۇشقاچلار ئارام ئېلىۋاتاتتى. مىلتىق ئاۋازىنىڭ ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ، بىر نەچچە قۇشقاچ موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى. غەلىتە يېرى: قالغان قۇشقاچلار ئازابلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇلار توپلىشىپ ئۇچقىنىچە تاغ باغرىغا بېرىپ ئارام تاپاي دېۋىدى، چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ كەلگەن بۈركۈت بىر قۇشقاچنىڭ جېنىنى ئالدى. قالغان قۇشقاچلار كۈلگىنىچە تۆت تەرەپكە تاراپ كېتىشتى.

ئۇلار دېھقاننىڭ خامىنىغا چۈشۈپ ئارام ئالغاچ، يەرگە چېچىلىپ كەتكەن دانلارنى تېرىپ يېيىشكە باشلىغاندا، ئويلىمىغان يەردىن بىر مۈشۈك پەيدا بولدى ـ دە، بىر قۇشقاچنى ۋاقىتسىز جېنىدىن جۇدا قىلدى، قالغانلىرى تېخىمۇ يايراپ كۈلۈپ كېتىشتى.

كەچقۇرۇن قۇشقاچلار ئۆز ئۇۋىسىغا ئۇچۇپ كېلىشتى.

يېرىم كېچە بولغاندا، بىر زەھەرلىك يىلان ئۇۋىغا كىرىپ بىر نەچچە قۇشقاچنى تىرىك يۇتۇۋەتتى. ھايات قالغانلار بولسا تېخىمۇ شادلىنىپ كېتىشتى. بەزىلىرى خۇشاللىقىدىن ئوڭدىسىغا چۈشتى، بەزىلىرى قورسىقىنى تىنىماي سىلاشتى. يەنە بەزىلىرى خۇشلۇقتىن ئۆزىنى تۇتالماي يەردە دومىلاشقا باشلىدى.

— بۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار؟ قېرىنداشلىرىڭلار قازاغا يولۇقسا سىلەر ئازابلانماقتا يوق، ئەكسىچە خۇشلۇقۇڭلارنى باسالماي قالغىنىڭلار نېمىسى؟ سىلەردە ئازراق غۇرۇر، قۇشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك كىچىككىنە خىسلەتمۇ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى غەزەپلەنگەن قارلىغاچ.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ ئاز نەرسە ئەتىۋار بولىدۇ. مۇبادا بىز بىر نەچچىمىزلا قالىدىغان بولساق، مۈشۈكئېيىقلاردەك قىممەتلىك بولۇپ كېتىمىز ئەمەسمۇ، — دېيدى قۇشقاچلار غادىيىپ.



# مۇھىت، مەۋجۇدىيەت ۋە مەسئۇلىيەت

ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۆمىد

تېخى بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇھىت بۇلغىنىشقا دائىر گەپ ـ سۆزلەرنى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ بۇرجەك- لىرىدە ئاندا ـ ساندا كۆرۈپ قالغانني ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇھىتنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى ئېسىمىزگە كەلمەيتتى. بۇ گويا بىزگە مۇناسىۋەتسىز ئىشتەك.

«كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەنىنى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەندەك ئاشۇ بىر نەچچە يىل- نىڭ ئالدىدا ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئېقىپ يۈرگەن مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا دائىر ۋەھىملىك خەۋەرلەرنىڭ بىز زادىلا بىرىپ باقمىغان ئاشۇ يەرشارىنىڭ يىراق چېتىدىكى ناتو- نۇش زېمىندىلا ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىز ئەلمساق- تىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئانا تۇپرىقىمىزدىن تۆركۈمە- لەپ تارقىلىشى بىلەن يەرشارىنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەسلىكىنى ئىچىدە ھېس قىلىشتۇق، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشى داۋامىدىكى مۇھىت بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان يېڭى بىر پەن — مۇھىت ئىلمىدىنمۇ خەۋەردار بولدۇق. ھەتتا خەلقئارا يېشىل تىنچلىق تەش- كىلاتى، دېڭىز ـ ئوكيان تەشكىلاتى، ب د ت مۇھىت پە-

لان مەھكىمىسى قاتارلىق نامى ش ئا ئە ت دەك ھەي- ۋەتلىك ياكى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدەك كۆپ ئاڭلانماي- دىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ نامى بىز ھازىر ئەڭ كۆپ ئاڭلىيالايدىغان يېقىملىق نام بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي بىزنىڭ باللىرىمىزمۇ ب د ت مۇھىت ـ پىلان مەھكىمىسى ياشلار («تارىم غۇنچىلىرى» ژۇر- نىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 8 ـ ، 9 ـ قوشما سانى) مەسلىھەت كېڭىشى مەجلىسىنىڭ ھەر بىر ئىنسانني مۇھىت مەسىلە- سىگە قارىتا ئۆز پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى بايان قىلىش ئىم- كانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى- دىن خەۋەردار بولدى ① . ئۆزلىرىنىڭ مۇھىت سىغىم- چانلىقى (مۇھىتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بۇلغى- غۇچى ماددىلارغا بولغان بەرداشلىق بېرىش كۈچى ياكى سىغدۇرۇشچانلىقى) ئېشىپ كېتىۋاتقان، مۇھىتنىڭ بۇلغى- نىشى ئېغىر بولۇۋاتقان دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قى- لىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا بىزنىڭ كۈندە دېگۈدەك رادىئو ـ تېلېۋىزورلار- دىن، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن، تۈرلۈك كوچا پاراڭلىرىدىن كۆرۈپ، ئاڭلاپ بىلگەنلىرىمىز پارنىك ئېففېكتى تەسىرىدە

يەرشارى كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، نوپۇسنىڭ كۆپەيىشى، ئوت ـ كەلكۈن ئاپەتلىرى، كىسلاتالىق يامغۇر، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى، دەريا ـ كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇملىشىشى، چۆللۈكلەرنىڭ كېڭىيىشى، تۈرلۈك ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە ئۇچار قۇشلار تۈرلىرىنىڭ يوقىلىشى، كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇشى، تاتلىق سۇ مەنبەسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى... قاتارلىق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر توغرىسىدىكى ئېچىنارلىق ۋە ئەپسۇسلىنارلىق خەۋەرلەردۇر. بىز ئۆز ئەتراپىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئىت ـ مۈشۈكلىرىمىزنىڭ يوقىلىشى، ھەددىدىن زىيادە تېرىلغۇ يەر ئېچىش تۈپەيلىدىن ماكانىدىن ئايرىلغان ياۋا توشقانلارنىڭ باغلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ (ماكان ئىزدەپ) كىرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى، تېخى يەتتە ـ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىمىزنىڭ قۇرۇپ يەر ئاستىدىن تارتىپ چىققان سۇنى ئىچىشكە كىرىشكەنلىكىمىز، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە سۇلياۋ يوپۇقنىڭ تۇپراقنى بۇلغىغۇچى ماددا بولۇپلا قالماي، بىزنىڭ سالامەتلىكىمىز ۋە ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىمىزگىمۇ ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى، ئورمانلىقلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ۋە كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن ئاسمىنىمىزنىڭ تۇتۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ھەتتا قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سۈنئىي ئۇسۇلدا قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا، تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھادىسىلەردۇر. بۇلار ھەققىدە گەپ بولۇۋاتقاندا، ھەممىمىز قانداقتۇر ھۆكۈمەتكە ۋە يەنە ئاللىقانداقتۇر مەۋھۇم سۇبيېكتلارغا دۆڭگەپ بۇ پاجىئەلەرنىڭ روھىي ئازابىدىن خالاس تاپقاندەك بولىمىز، بۇ نۇقتىدا شۇ دەرىجىدە ئاڭقاۋلىشىپ كەتكەنمىزكى، ئاشۇ مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتقان، ئۇنىڭ زىيىنىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە خاتالىقلىرى ھەققىدە ئويلىنىش، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىش ئېڭىمىز يوق دېيەرلىك. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق ۋە دېھقانچىلىق دورىسىنى، چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىسى ۋە سانائەت قاتارلىقلارنىڭ بۇلغىمىسى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە كۆپ توختالماي مۇنداق ئاددىي ئىككى مىسالغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ باقساقلا كۇپايە قىلىشى مۇمكىن:

يېزا مەركىزىدىن ئۆيىمىزگىچە بولغان تۆت ـ بەش كىلومېتىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورمان بەلبېغى قىلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان يەرلەرگە ھەر يىلى ئەتىيازدا تەشكىللىك ھالدا ئورمان تىكىلەتتى. يەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە شورلۇقىنى ھېسابقا ئالغاندىمۇ، ئوبدان ئاسرالسا ۋە پەرۋىش قىلىنسا، ئورمانلارنىڭ ئەي بولۇشىدا گەپ يوق. ئەمما خۇددى ساراڭلار ساناتورىيىسىدە ھېلى سالغان تامنى ھېلى ئۆرۈپ، قايتا سېلىپ يەنە ئۆرۈپ يۈرگەن ساراڭلاردەك، بۇ يىل ئەتىيازدىن كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە بۇ ئورمانلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكىدىن ئەسەر قالمايدۇ، يولدىن ئۆتكەن كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خالىغىنىچە سۇندۇرۇپ بەخىرامان ھالدا ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆتۈشۈۋېرىدۇ ياكى بولمىسا بىر ئوبدان يۇمران يوپۇرماقلارنى چىقارغان كۆچەتلەرنى يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر قوي ـ كالىلىرىغا يېگۈزۈپ دېگۈدەك ئورماننى نابۇت قىلىشىدۇ. ئادەم قويۇپمۇ، توسۇپمۇ بولغىلى بولمايدۇ، نەتىجىدە يەنە قايتىدىن كۆچەت تىكىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنى يەنە شۇ كىشىلەر تىكىشىدۇ. بىز بۇ يەردە بىر تۈپ كۆچەتنىڭ قىممىتى ھەققىدە گەپ ئاچىدىغان بولساق، گەپنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ يۈزىمىز قىزىرىپ، ھەتتا تىلىمىز گەپكە كەلمەي قالىدۇ، يەنە بىر مىسال: ئىنستىتۇتىمىزنىڭ ھويلىسىدا خېلىلا چوڭ كۆلەمدىكى چىملىق بىلەن كۆكەرتىلگەن يېشىل مەيدان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرەپلىرىدە ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ياتاق بىنالىرى بار ئىدى. ستۇدېنتلىرىمىز ھەر كۈنى ياتاق ۋە دەرسخانىغا بېرىش، سىرتلارغا چىقىش ئۈچۈن بۇ يېشىل مەيداننى ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كەلگەچكە، يولنى قىسقىراق مېڭىشنى خالايدىغان بەزى «جىددىي» ستۇدېنتلىرىمىز «يېشىللىق بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولسۇن، بۇ يەرگە دەسسىمەڭ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسىنىڭ يېنىدىنلا چىغىر يولدىن بىرنى پەيدا قىلغان. نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل ۋە نەچچە ئون ئادەمنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئاران ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن يۇمران چىملارنى دەسسەپ ئۇدۇل يول ئالغان بۇ «يول ئاچقۇچىلار»غا، ھەر كۈنى دېگۈدەك شۇ يەرنى قوغداۋاتقانلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆز مۇھىتىغا



ئۆزى بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا نېمە دېيىش كېرەك؟

بىز يۇقىرىقى ئىككى مىسالغا قاراپ باقايلى: ئالدىنقىسى يىراق يېزىلاردىكى ئاتالمىش سادا دېھقانلارغا، كېيىنكىسى دەۋرنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرى بولمىش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ يەردىكى پەرقنى تۈپ ماھىيىتىدىن ھېس قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىتنى ئاسراش، قوغداش ۋە ياخشىلاش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېگەن بىر نەزەرىيىۋى ھۆكۈم بولسا ئىدى، بىز ھەرگىزمۇ بۇ سېلىشتۇرۇشنى قىلمىغان بولاتتۇق. ئەمما مۇھىتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى، ئاشۇ مۇھىتنىڭ ئىگىلىرى بولغان كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. چۈنكى مەدەنىيەت مۇئەييەن مۇھىت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ، ئۇ مۇھىت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭدىكى مەدەنىيەت ئۆز تۇپرىقىنى (مۇھىتنى) ياخشىلاشقا بولغان ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن ئۇستۇنلۈكنى ساقلاپ قالالايدۇ، «مىللەتنىڭ تىلى، ئېتىقادى، دىنىي ئۆرپ - ئادىتى، مىجەزى، تەپەككۇر ئادىتى، تارىخىي رولى، ئىجتىمائىي تەقدىرى قاتارلىقلار شۇ مىللەت ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ» (ئا. جالالىدىن)، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھىتىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىمىز بىلەن ئوخشاش نىسبەتتە ئىگىلىگەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز. بىزنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىز مۇھىتىمىزنىڭ بۇلغىنىشى ۋە چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئۇ چاغدا مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ كرىزىسقا ئۇچرىشى مۇقەررەر. خۇددى ئەجدادلىرىمىز: «ئادەم سۇنى پاسكىنا قىلار، سۇ ئادەمنى پاكىز قىلار» دېگەندەك ياخشى بولغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت ئۆز نۆۋىتىدە بىز ئۇچۇندۇر، ئەگەر بىز گۈزەل كەلگۈسىمىزنىڭ بولۇشنى ئۈمىد قىلساق، ئۇنىڭ ئۇچۇن كېرەكلىك ھەر تەرەپلىمە مۇھىتىمىزنى گۈزەل ۋە ياخشى قىلىپ يارىتىشىمىز زۆرۈر بولىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتقا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانىكەن، ئۇنداقتا مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ كاپالىتى بولغان مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاشتا ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، چۈنكى بىزنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىت ئامىلىنى ئالدىن ئويلاشقان - ئويلاشمىغانلىقىمىز، بۇنىڭدىكى تۈپ



www.uyghurkitap.com



سەۋەب. ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى ئامىلىنى چوقۇم مۇھىت ئامىلىدىن كېيىن قويغاندىلا، ئاساسىي مەقسەتكە يېتىپلا قالماي، مۇھىتنى ساقلاپ قالغىلى، ھەتتا ياخشىلىغىلى بولىدۇ. مەلۇم ماتېرىياللاردىن كۆرۈشۈمچە، قايسىبىر دۆلەتتە مەلۇم بىر جايغا قۇرۇلۇش سالماقچى بولۇپ، ئۆلچەپ لايىھىلىگۈچىلەر كەلگەندە ئېگىزلىكى نەچچە ئون مېتىر كېلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر توپ دەرەخنىڭ دەل قۇرۇلۇش ئورنىغا توغرا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بايقايدۇ، ئەمما مۇھىت ئامىلىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دەرەخنى قۇرۇلۇشنىڭ ئوتتۇرىدا قالدۇرۇپ ئىش باشلىغان. نەتىجىدە بىناكارلىقنىڭ يېڭى ئۆلگىسى بارلىققا كەلگەن. يېشىللىق بىناغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن. بىراق بىزدىچۇ؟ بىزدە قۇرۇلۇش ئۈچۈن نەچچە مىليون مو مۇنبەت تۇپراق ۋە باغ - ئورمانلار نابۇت قىلىندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇھىتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئاسارىتىدىن ئەلتۈكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغىنىمىزدا، ئۆزىمىزگە ۋە ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىت مەسىلىسىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن تونۇپ ئىش كۆرمىدۇق. تەرەققىي قىلغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت شەھەرلىرى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، رايونلارنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى قويۇپ ئۆز رايونىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ باقساق، غەربتىكى مۇشۇنداق قالاق زېمىندا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ھەققىدە غەم يېيىش ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ سانائەت ئەھۋالىمىز ھەقىقەتەن كەڭ كۆلەمگە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇشىدىنلا مەركەز مۇھىت ئامىلىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ھەم شۇ ئاساستا تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 100 مىليارد يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى.

ھەرقانداق بىر ئادەم ھەرقانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھىت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە. چۈنكى بىزمۇ زېمىننىڭ قايسى يېرىگىلا بارمايلى، گۈزەل ۋە ساپ مۇھىتتىن ھوزۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاشۇ گۈزەل ۋە ساپ مۇھىت ئۈچۈن تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۆز مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن مۇھىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ، ھېچبولمىغاندا باللىرىمىزنىڭ ساغلاملىقى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن تەھدىت بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر پاجىئە بولۇپ قالىدۇ. تەن ساغلام ۋە دۇرۇس بولغاندىلا، ئۇنىڭدا شۇنىڭغا لايىق روھ (ئەقىل) بولىدۇ، ھالبۇكى، تەننىڭ ساقلىقى مۇھىتقا باغلىق. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «مۇھىت ئەلۋەتتە تەبىئەتنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ جەمئىيەتنى، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسى، كىيىم - كېچەكى، باغچىلار، مۇزېيلار، بىنالار، كوچىلار، كوچىلاردىكى خاتىرە ھەيكەللىرى، شوئارلار، لوزۇنكىلار، كىنو - تېلېۋىزىيە، مەتبۇئات... قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» (ئا. جالالىدىن). بۇ قانداقتۇر بىزنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىزدىن مۇستەسنا نەرسە بولماستىن، بەلكى شۇلار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ۋە بىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن مەۋجۇدىيەتتۇر. قىسقىسى، مۇھىت ھاياتىي پائالىيەتلەر داۋاملىشىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنىڭدىكى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلغۇچى سۇبيېكتتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا خۇددى يەر شارىنىڭ ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە شۇ مۇھىتلارغا خاس جانلىقلار بولغىنىدەك، ئاشۇ مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەملەر تويىمۇ بولىدۇ، دەسلەپتە دەپ ئۆتكەنىمىزدەك، ھەرقانداق جاينىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىتى بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، ئىش - ھەرىكىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى... قاتارلىقلارمۇ شۇ خىل مۇھىتقا بىقىپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان مۇھىتنا ياشاپ ئوخشاشلا تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە ئىنتىلىدۇ.

2003.5

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىرىشىپ _ ئىرمىشىدۇ،
ئەمما ئىنسانلار ئەمدى شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى، ئاشۇ
تەخمىنەن 13 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى توپان بالاسى خۇدا-
نىڭ رەھىمسىزلىكى بولماستىن، بەلكى ئىنسانلار ئۆزلىرى
كەلتۈرۈپ چىقارغان تىراگېدىيىلىك ئاقىۋەت بولۇپ، شۇ-
نىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق تەرەققىيات باسقۇچى
ئىنسانلارنىڭ يەنە كونا مۇقامغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ھاياتلىقنى قارا سايىدەك ئەگىپ يۇ-
رۇۋاتقان ئۇرۇش كۆلەڭگىلىرى، يېڭىدىن پەيدا بولۇۋات-
قان قورقۇنچلۇق كېسەللىكلەر، يادرو تەھدىتى، ئاتوم
سىناقلىرىنىڭ ۋە مۇسابىقىسىنىڭ غايەت زور بۇلغىمىلىرى،
غەلىتە تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاقلار، ئېرىۋاتقان مۇزلۇقلار، كۆ-
چۈۋاتقان جانلىقلار، دەريا _ كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى،
ئەجدادلار ئىزلىرى قالغان ئىپتىدائىي ئورمانلارنىڭ يوقى-
لىشى، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ
مۇجمەللىشىشى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەنە بىر توپان
بالاسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرماقتا،
ئەمما بىز تېخىچە «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە
مانتا يەيدىغان» قىياپەتتە ياشاۋاتىمىز.

ھەقىقەتەن، «خەلقىمىز پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە
ۋاقىت بۆرچلىرى ئىنتايىن روشەن بولغان سۈيى مول،
ھاۋاسى ساپ، ئىسسىق _ سوغۇق ئېقىملار گارمونىك گى-
رەلەشكەن، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك،
كانچىلىق كەسىپلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە بىر تۇتاش راۋاجىغا
يېتەرلىك شارائىت بەخش ئېتىدىغان، قۇياشنى يالىڭاچ
مەيدىسى بىلەن قۇچاقلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاسمىنى
كەڭرى مۇنبەت قۇرغاق تۇپراقتا ياشاپ كەلگەچكە، پە-
خىرلىنىشكە تېگىشلىك گۈزەل، مۇستەھكەم ۋۇجۇد بىلەن
ئاجايىپ يارقىن تارىخ قىسسىسىنى ياراتقان» (ئا. جالالى-
دىن) بۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ھەممىمىزگە ئايان، ئەمما
بۈگۈنكى دەۋردىچۇ؟ بۇرۇن ھەتتا بالىلارمۇ تونۇغۇنلىغان
قۇشلارنىڭ ئىسمىنى بىلەتتى، ئاۋازىنى دوربىيالايتتى. زو-
ئولوگىيە دەرسى ئۆتۈلمىسىمۇ، تەبىئەت ئۇلارغا تۈرلۈك
قۇشلار ۋە ھايۋانلار ھەققىدە يېتەرلىك ساۋاتلارنى بەر-
گەنىدى. بىراق بۈگۈن خېلى چوڭلارنىڭمۇ بۇ ھەقتە بى-
لمەيدىغىنى چاغلىق. چۈنكى بۇنىڭدىن 2000 _ 3000 يىللار

ئىلگىرى باغ _ ۋاران ئىگىلىكىنى بەرپا قىلغان، ئورمان
قانۇنىنى يولغا قويغان خەلقىمىز بۇ قۇملار بىلەن قور-
شالغان زېمىندا ئاجايىپ بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغانىكى،
تۈرلۈك ئۇچار قۇش، جان _ جانىۋارلار توپ _ توپ بو-
لۇپ، بۇ جەننەتتە يايراپ يۈرەتتى، ھازىر ئۆيىمىزنىڭ
ئەتراپىدىن قۇشقاچلارنىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىمىز، ھەتتا
بارغانسېرى ئۆزىمىزنى تەبىئەتتە ئەمەستەك ھېس قىلى-
مىز _ دە، ئۆزىمىزنى چەكسىز بوشلۇقتا چۈشۈپ كېتىۋات-
قاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمىز. ھەتتا ئاق كۆڭۈل، ساددا
كىشىلەرنى نادان، ئەخمەق، دۆت دەپ تىللايمىز. ياشاش
پائالىيىتىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باشقىلارنىڭ كونت-
روللۇقىدا بولىدۇ، مۇستەقىل ياشاش ئېڭىمىز ناھايىتىمۇ
تۆۋەن، قورقۇنچاقلىق، ھۇرۇنلۇق، قويمىچىلىق، ئىككى
يۈزلىمىچىلىك، قۇلچىلىق، ۋاپاسىزلىق، پاسقىلىق، نا-
مەردلىك، ئېتىقادسىزلىق، ئالا كۆڭۈللۈك، چۈشكۈنلۈك...
دېگەندەك پاسسىپ خاراكتېرلار ۋۇجۇدىمىزدىن ئورۇن
ئېلىپ بىر _ بىرىمىزنىڭ بارلىقنى (مەۋجۇتلۇقىنى) ئۇن-
تۇپ دېگۈدەك ياشاشقا كۆندۇق. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى
ماھىيەتتە روھنىڭ بۇلغىنىشىدۇر. روھنىڭ بۇلغىنىشى يەنە
ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئەگەر بىز تەرەققىيات دەپ ئاتاۋاتقان بارلىق يېڭىلىقلى-
رىمىز بىلەن مۇھىتقا سالغان زىيىنىمىزنى تارازىغا سېلىپ
كۆرىدىغان بولساق، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شۇنى بايقاي-
مىزكى، نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىياتىمىز ئەمەلىيەتتە
ھاياتلىق ماكانىمىزنى زور دەرىجىدە تارايتىۋەتكەن، بۇل-
غىغان ۋە قىينىلاشتۇرۇۋەتكەن.

بىز شەھەرلەردىكى ئاتالمىش باغچىلارنى قويۇپ كەڭ
يېزىلاردىكى سانائەت بولمىغان مۇھىتقا نەزەر سالساقمۇ،
ئوخشاشلا مەيۈسلۈككە پاتىمىز. ئاپئاق تۇزدەك شورلۇق-
لار، گىياھسىز چۆللۈكلەر، سايىداي دېسىڭىز سايە تاشلى-
غىدەك تۈزۈكرەك بىر تۈپ دەرەخمۇ يوق تاقىرلىقلار،
تۇتۇق ئاسمان، قۇشسىز تۇزلەڭلىكلەر، سۇغا قانمىغان
شورلۇق ئېتىزلىقلار، قېشى (قىرغىقى) بىلەن تەڭ دېگۈ-
دەك قۇم ئۆرلەپ تۇرغان ئېرىق _ ئۆستەڭلەر، بالىلارنىڭ
شوخ _ قۇۋناق ناخشىلىرى بولمىغان ئاۋۇللارغا... كۆزد-
ىڭىز چۈشىشى بىلەن تەپەككۇر ئاسمىنىڭىزدا مۇھىتتىن

ئىبارەت بۇ قىممەتلىك بايلىقتىن چەتنەپ كېتەلمىگەن تۈرلۈك ــ تۈمەن خىياللار ئەكس ئېتىدۇ. ئەمما قانچە قىلسىڭىزمۇ ئىنسان بىلەن مۇھىتنىڭ خۇددى قان بىلەن گۆشتەك يېقىن ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىمىز.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىرىنچى دەرىجىدىكى ئاز دەسمايە بىلەن پۇل تېپىۋاتقان كەسىپ ــ ساياھەتچىلىكنى ئېلىپ ئېيتساق، دۇنيا ساياھەتچىلىرىنىڭ سەلدەك ئاقىدىغان يېرى ئۆزىگە خاس گۈزەل ۋە پاكىز مۇھىتنى ساقلىغان ۋە ياراتقان دۆلەت ۋە رايونلار بولدى، ساياھەتچىلىك پۇل تېپىشتىكى ئاۋانگارت كەسىپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئۆز ماھىيىتى بىلەن بىر خىل مۇھىت يۈكسەكلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئەگەر بىزمۇ ئۆز مۇھىتىمىزنى جان ھەققىي ھۇزۇر ۋە ئارام ھېس قىلغۇدەك ھالەتكە ئەكېلەلىگەن بولساق، ئاللىقانداقتۇر ئاشۇ يىراقتىكى گۈزەل مەملىكەتلەرگە تۈمەن مىڭلاپ پۇل سەرپ قىلىپ ساياھەتكە بېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى. ھېچبولمىسا شۇنىڭغا يارىشا ئۆزىمىزگە خاس گۈزەل خاراكتېر پەزىلەتلىرىمىزمۇ شۇنىڭغا بېقىپ ياخشىلىنىپ كېتەر ئىدى. ئەپسۇس «بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئارزۇ ــ خاھىشلىرىنىڭ مەزمۇن دەلىلى بولغان خاس مۇھىتنىڭ بەرباد بولۇشى شۇ مىللەت تارىخىنىڭ پالەچ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ» (ئا. جالالىدىن) دېيىلگىنىدەك مەيلى تەبىئىي مۇھىت، مەيلى ئىجتىمائىي مۇھىت بولسۇن، ئۇنىڭ بىزدىكى خاسلىقىنىڭ زور دەرىجىدە يوقالغانلىقىنى تەن ئالماسلىققا ئىلاجىمىز يوق. ئەگەر سىز مەيلى قېرىپ كەتكەن ياكى ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغان بولۇڭ، سەلبىي چاغلىرىڭىزنى ئېسىڭىزگە ئالغىنىڭىزدا شۇ چاغدىكى تۇرمۇش جاپالىق بولغىنىغا قارىماي، ناھايىتىمۇ بەك ھاياجانلىنىپ كېتىسىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئاشۇ سىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىدا ئۈزۈۋاتقان ئاپئاق بۇلۇتلار ۋە بەسلىشىپ ئۇچۇۋاتقان تۈرلۈك ــ تۈمەن قۇشلار، دەرەخزارلار ئارىسىدا ھاياتلىق كۈيىدەك شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلار، قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى چاچقان كۆز يەتكۈسىز يېشىل يايلاقلار، مەھەللىلەردىكى ئىت ــ مۈشۈكلەرنىڭ يۈگۈرۈشلىرى، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ساپ ۋە تەبىئىي ھايات ناخشىلىرى، قەلبى ۋە جىسمى ساغلام بولغان ئادەملەرنىڭ ئىللىق مۇئامىلىلىرى، سۇ تۈگمىنىنىڭ تىنىمسىز گۆركىرەشلىرى... قاتارلىق تۈرلۈك كارتىنىلار بىلەن تولغان ئاجايىپ گۈزەل ھايات مۇھىتىنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر. ئەگەر سىز سەپەرگە چىقىپ باققان بولسىڭىز، شۇنى ھېس قىلىپ يېتىسىزكى، مۇھىتى گۈزەل بولمىغان تەبىئەت ۋە روھىيەت ئوخشاشلا گۆرىستانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ يەردىن كېلىدىغىنى چەكسىز زېرىكىش، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، بىزارلىق، قايغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز ھەر دائىم مىللىي روھىمىزنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ۋايساۋاتقان چېغىمىزدا بىز تىلغا ئېلىۋاتقان مىللىي روھنىڭ بىزنىڭ مۇھىت (تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي)قا تۇتقان پوزىتسىيىمىزنىڭ، ئەمەلىيىتىمىزنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ قويمايمىز، «بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى شۇ مىللەتنىڭ جۇغراپىيىلىك سەھنىسى ھېسابلانغان تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ، تەبىئىي ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىدە جىددىي كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۈنسايىن ناچارلىشىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى يوقىتىشىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ باردى» (ئەسەت سۇلايمان). ھالبۇكى، دۇنياغا، ئۆز مەۋجۇدىيىتىگە يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق، تىرىشچانلىق، ئىجادچانلىق، قەيسەرلىك بىلەن يۈزلىنىپ كەلگەن خەلقىمىز بىزگە ئۆز مۇھىتلىرىنى ياخشىلايدىغان گۈزەل ئەنئەنىمىزنى قالدۇرۇپ كەتكەنىكى، ھەرگىزمۇ مۇھىتقا ئاسىيلىق قىلىشنى تەۋرەرۈك قىلىپ قالدۇرمىغان. «قازانغا نېمە سالساڭ، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەنىدەك، بىزنىڭ مۇھىتقا تۇتقان پوزىتسىيىمىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزگە تۇتقان پوزىتسىيىمىزدۇر. مۇھىتىمىز قانچىكى گۈزەل، پاكىز ۋە يېقىملىق بولىدىكەن، روھىمىزمۇ، تەقدىرىمىزمۇ شۇنىڭغا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ، ياخشىلىنىدۇ، مۇھىت مەسىلىسى ــ مەۋجۇدىيەت مەسىلىسى بولۇپ، سىز مۇشۇ تۇپراقنىڭ قايسى يېرىدە تۇرماڭ، قايسى خىل ئىش بىلەن شۇ-





غۇللىنىڭ، ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇھىتقا نىسبەتەن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرىسىز، ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ، باشقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ بەختىنى ئويلىسىڭىز ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى خالىسىڭىز قايسى دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەلۇم تۆھپە ئىگىسى بولالايسىز، ھاياتنى تۆھپىسىز ئاخىرلاشتۇرۇش، مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن دېرەك بېرىپلا قالماي، باشقىلار ئۈچۈن بىر ھايات ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماسلىق ئىنسان ئۈچۈن جىنايەتتۇر.

مۇھىت بىر خىل تەڭداشسىز قىممەت مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىجتىھات ۋە ئېتىقادىمىزغا لايىق رەۋىشتە ھاياتىمىزغا قىممەت، تۇرمۇشىمىزغا تەم، دۇنياغا گۈزەللىك ئاتا قىلغۇسى، روھىمىزغا مەسىھ بولغۇسىدۇر. جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىغا مۇھىت مەزمۇنىنى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ لەۋھە قىلىش كېرەككى، ھېچكىم كەلگۈسىمىز (مەۋجۇدىيىتىمىز)گە چاقچاق قىلمىسۇن، بەلكى ئۇنىڭغا، پۈتۈن ھاياتي ئورۇنۇشلىرى بىلەن كاپالەتلىك قىلسۇن، سىياسىئونلار مۇنبەرلەردە، ئوقۇغۇچى-لار دەرسخانىلاردا، كارخانىچىلار زاۋۇت، قۇرۇلۇشلاردا... ئىش قىلىپ ھەممىلا كىشى ئۆز ئورنىدا، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلاردا مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسۇن.

مۇھىت مەسىلىسى ـ ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەڭگۈلۈكتۇر. مەۋجۇدىيىتىمىز مۇھىتقا باغلىق بولۇپ، ئۇ بىزدىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ،

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىرقى دۇنيادا ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان سۇنى ئىچىش بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ھازىر 5 مىليون 300 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق بولغان. تازىلىق ئەسلىھەلىرى يوق سۇ ئىستېمال قىلىۋاتقان كىشىلەر 2 مىلياردقا يەتكەن. 800 مىليون ئادەم تويغۇدەك غىزالىنىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولالمىغان، ئوزۇقلۇق، ئاشلىق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بالىلارنىڭ سانى يىلىغا 6 مىليوندىن ئاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىت بۇلغىنىشىدىن تارتقان زىيىنى ھەر يىلى 280 مىليارد يۈەن





بولغان. ئەگەر بۇنداق مەلۇماتلاردىن (مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك) ئەستايىدىل ستاتىستىكىلاپ چىقىدىغان بولساق، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور قورقۇنچلۇق نەتىجە بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ نەتىجە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ، دۇنيادىكى تۈرلۈك دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ، ھەر بىر ئادەمنىڭ مۇھىتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىر ـ بىرىگە ۋە ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ھاياتلىق ماكانىمىز بولغان يەر شارىنى ئىللىق، گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدا تۈرلۈك تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رولىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يېتىشى ۋە ئاڭلىقلىق بىلەن ئادا قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ھەممىمىز تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە بىر لىتىر ھاۋانىڭ ۋە سۇنىڭ پاكىزلىقى، قىممىتى، بىر تال گىياھنىڭ، تۇپراقنىڭ رولى ۋە قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئىقتىسادچىل، ھەققانىي ۋە ئىجادچان بولۇپ ياشىغىنىمىزدىلا، يەر شارىنىڭ گۈزەل قىياپىتى كۆز ئالدىمىزدا قايتا نامايان بولغۇسى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ دوپپا، ئەتلەسلىرىدىكى جەننەتنىڭ ئەندازى بولغان گۈلستانلار رېئاللىققا ئايلانغۇسى، ھەممەيلەن تەبىئەتنى (تەبىئىي مۇھىتنى)، جەمئىيەتنى (ئىجتىمائىي مۇھىتنى) قىزغىن سۆيۈپ، ھەر بىر نەپەس، ھەر بىر ئىشتا ئۇنىڭ پاكلىقى، گۈزەللىكى ۋە ئىللىقلىقى ئۈچۈن تىرىشلىك تۆھپىمىزنى قوشايلى. بۇنىڭدا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، مۇھىت بىلەن تىنىدۇ، مۇھىت بىلەن ياشايدۇ... مۇھىتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا، ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ ئەينىكى ۋە كاپالىتى بولغان مۇھىتىمىزنى قوغدايلى، ھەر بىرىمىز چوڭقۇر ئويلىنايلى، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلايلى! ئۇزاققا بارماي كۆز ئالدىمىزدا گۈزەللىك، چىرايىمىزدا خۇشاللىق، قەلبىمىزدە ئىززگۈلۈك جەۋلان قىلسۇن!


## مىراس ژۇرنىلىنىڭ بىلدۈرگىسى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى







**(1) ئامېرىكىدىكى ھېكايە**

مەلۇم بىر شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىنى تېزلىتىش يىغىنىدا، دىرېكتور يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىغا قاراپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا پۇل بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، دىرېكتور:

ــبۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى ئەمدى كۆپچىلىكنىڭ بولدى. بىراق، قايسىڭلار مېنىڭ ھەرقايسىڭلارنىڭ ئورۇندۇقىغا پۇل قويۇپ قويۇشىمدىكى مەقسىتىمنى ئېيتىپ بېرەلەيسىلەر؟ــدەپ سوراپتۇ.

بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دىرېكتور بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

ــمەن بۇ ئارقىلىق كۆپچىلىككە ئەڭ ئاددىي، لېكىن ئاسانلا سەل قارىلىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى يەنى مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەرسە، مەڭگۈ پۇل تاپقىلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن.

**(2) ھىندىستاندىكى ھېكايە**

بىر ئوۋچى ناھايىتى سادىق ئىتتىن بىرنى بېقىۋاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئوۋغا چىققاندا ئىتنى كىچىك ئوغلىغا قاراپ



تۇرۇشقا ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئوۋچى كەچتە قايتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىتنىڭ ئاغزى قان يۇقى بولۇپ، ئوغلى يوق تۇرغۇدەك.

ئۇ شۇ ھامانلا دەرغەزەپكە كېلىپ بىر پاي ئوق بىلەنلا ئىتنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. بالا ملتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كارىۋات ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ دادىسىغا، چوڭ بىر بوغما يىلاننىڭ ئۆزىنى يېمەكچى بولغاندا، ئىتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ قوغلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئوۋچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىگە سادىق بولغان ئاشۇ ئىتنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر مۇنار تىكلەپتۇ.

بۇ مۇنار جاكارتادا ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە ھەمىشە بۇ تەسىرلىك ھېكايىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن.

**(3) ياپونىيەدىكى ھېكايە**

قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر توپ ئادەم گۈلخان يېقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، ئوتتىن ئايرىلسام چوقۇم توڭلاپ ئۆلۈپ قالىمەن، دەپ ئويلاپ، ئوتۇن تەرمەپتۇ. ئوتنى ئۆچۈرمەي داۋاملىق قالاشقا ئوتۇن بولمىغاچقا، نەتىجىدە ئوت ئۆچۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزلاپ قاپتۇ.

يەنە بىر توپ ئادەممۇ گۈلخان يېقىپتۇ. ئۇلار ھەممىمىز ئىسسىنىشنىلا بىلىپ، ئوتۇن تېرىپ كەلمىسەك، بۇ ئوت ھامىنى ئۆچۈپ قالىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئوتۇن تەرگىلى كېتىپتۇ.

نەتىجىدە، ئوتنىڭ يېنىدا ئوتۇن سالىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئوت ئۆچۈپ قېلىپ، ھەممىسى ئوتۇن تېرىش جەريانىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

يەنە بىر توپ ئادەممۇ گۈلخان يېقىپتۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىسسىنىش ۋە نۆۋەتلىشىپ ئوتۇن تېرىپ كېلىش تۈزۈمىنى بېكىتىۋالغانىكەن. نەتىجىدە، ئوتۇنمۇ تېرىپ كېلىنىپتۇ، كىشىلەرمۇ ئىسسىنىپتۇ، ئوتمۇ ئۆچمەي لاۋۇلداپ كۆيۈۋېرىپتۇ.

**(4) ئەرەبلەرنىڭ ھېكايىسى**

ناھايىتى كەمبەغەل ئىككى بەخت ئىزدىگۈچى ياش تالايلىغان جاپا ــ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاخىرى ناھايىتى يىراق بىر جايدىن بەخت ئەلچىسىنى تېپىپتۇ.

بەخت ئەلچىسى ئۇلارنىڭ سەممىيىتىدىن تەسىرلىنىپ ھەر بىرىگە بىر تالدىن بەخت ئۇرۇقى ھەدىيە قىپتۇ.

بىرىنچى ياش قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇقنى يېرىگە تېرىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەستىن يەردىن بىر مېۋىلىك كۆچەت ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇ كۆچەتنى سۇغىرىپ ئوبدان پەرۋىش قىلىپ بەرگەچكە، كۆچەت ئىككىنچى يىلىلا باراقسانلاپ ناھايىتى كۆپ مېۋە بېرىپتۇ. ئۇ داۋاملىق تىرىشىپ ئاشۇ بىر تال كۆچەتتىن چوڭ بىر مېۋىلىك باغ ئەھيا قىپتۇ ھەمدە نامى يىراق ــ يېقىنغا تارقىلىپ، كاتتا بىر بايغا ئايلىنىپتۇ.

ئىككىنچى ياش بىر ئىتكاپ ياساپ، بەخت ئۇرۇقىنى ئىتكاپنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ھەر كۈنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىپتۇ. ئۇ گەرچە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكىچە دۇئا ــ تىلاۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇرۇنقىدەك نامرات پېتىچە تۇرىۋېرىپتۇ.

---

(«بىلىم خەزىنىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ــ يىللىق 4 ــ سانىدىن **توختىھاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى)

**مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى**




(بېشى ئۆتكەنساندا)

**ئەسرلەر دالدىسىدىكى قىلمىش ماركىزدې ساد، دۆنەنباي بىلەن قوش چىشلىق ئافرىقا بىلىقىنىڭ زەھرى**

يەرنى، سۇنى تارتىۋالسىمۇ مەيلى، بايلىقىنى تارتىۋالسىمۇ، ھەتتا جېنىنى ئالسىمۇ مەيلى... بىراق، ئادەمنىڭ ئوي ـ ئەقلىنى تارتىۋېلىشنى قانداق قارا كۆڭۈل ئويلاپ تاپتىكىن؟ ئاھ، خۇدا! بارلىقىڭ راست بولسا، بۇنداق زوراۋانلىقنى ئادەملەرگە قانداق ئاتا قىلدىڭ؟ يەر يۈزىدە بۇنىڭدىن باشقا شۇملۇق، رەزىللىكلەر ئازمىدى!

**چىڭغىز ئايتماتوف**

چىڭقى چۈشتە ياكى نۇرلۇق ئاق تاڭدا،
ئۇچقۇ بىلەن پەرۋاز قىلىپ ماڭغاندا،
كۆز سالسىڭىز تۆۋەنگە
تەپتەكشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ جىرالار،
يېرىقدا يىلىنى بار ئورىلار.
مەنمۇ سەندىن كۆپ مەزگىل قېچىپ يۈرۈپ،
نەزەرىمنى ئەتراپقا چېچىپ يۈرۈپ.
بىلمەپتىمەن سەندىكى جىرالارنى
يىلان مۆككەن ئاپەتلىك ئورىلارنى.
ئاھ، تەقدىرىم تىرەك بول تىلىكىمگە،
سەۋرلىك ئويۇمنى قاچۇرما ئاللىكىمگە.
ياۋ ۋە دوستنىڭ غەيرەتلىك يۈرىكىگە،
يېقىندىلا قاراشقا بەرگىن ئىمكان،
ناۋادا مەن يېقىندىن خاتالاشسام،
يېقىن كەلگەن بەختكە شادلانمىسام،
يېقىن تۇرغان ئېگىزگە چىقالمىسام،
يېقىن تۇرۇپ دۈشمەننى تونۇمىسام،
يېقىن تۇرۇپ دوستۇمنى ئۇقالمىسام،
ئۆز دەردىمدە ئۆزۈمنى جازالىغىن،
ئۇندا مېنىڭ ئۆزۈمدە ئۆز ئۇۋالىم.

**مۇختار چاقانوف**

**چاقانوف:** ئەسىرلەر بويى مىسقاللاپ يىغقان ئادەمزاتنىڭ مەنىۋى بايلىقى نېمە ئۈچۈن قەدىرلەنمەيدۇ، دېگەن سوئالغا ئىككىمىز لا باش قاتۇرمىساق كېرەك. ئادەم ۋۇجۇدىدىن رەھىمسىزلىك، تاش يۈرەكلىك كۆرۈنۈپ،

مېھرىبانلىق بىلەن شاپائەتنىڭ كۈنسايىن ئۆز قىــــمــــىتىدىن
قېپىپ كېتىۋاتقانلىقى قانداق ئىش؟

بوي بەرمەي ئۆسىدىغان هارام چۆپلەرنى دورا چې-
چىپ يوقاتمىساڭ، ئۇ شالنىڭ تومۇرىنى چىگەللەپ، ئۇنىڭ
دېنىنى پۇچەك قىلىۋېتىدۇ. ئادەم ئېڭىنىڭ يوشۇرۇن قات-
لاملىرىدا سۇقۇنۇپ ياتقان سادىستىك (زالىملــىق، قــان
ئىچمەكلىك) قىلىقلارنىڭ ئويغىنىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەي،
ۋاقتىدا بېسىپ تۇرمىساڭ، ئېزگۈلۈككە خەۋپ يېتــــىشى
مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشى بىلەن ئەركىنلىك
دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەنىدەك تې-
لېۋىزىيە بىلەن كىنو ـ تىياتىر ئېكرانى ئادەم ئۆلتۈرۈش،
زوراۋانلىق، خورلاش بىلەن تۆشەكۋازلىقنىڭ خىلمۇ خىل
تۈرلىرىنى ئوچۇق تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. كىتاب دۇ-
كانلىرىدىمۇ مەدەنىي گۈزەللىكتىن يىراق، ئېتىش بىلەن
دارغا ئېسىش، قوغلاش بىلەن سۈرگۈنگە تويغۇزۇۋېتىدى-
غان نەپسانىيەتچىلىك ياكى مۇشۇ ساھەنىڭ ئۇيات ـ نو-
مۇس بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەرك قىلغان باشقا قەھ-
رىمانلىرى ھەققىدە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق رازۋېدكا كە-
تابلىرىغا تولۇپ كەتتى. دېمەك، ئەجەل چاچىدىغان قو-
رال ـ ياراغنىڭ كۆپ تۈرى كوچا ـ كوچىدا كەڭرى سېتى-
لىۋاتىدۇ.

ئايتماتوف: ھەئە، بۇ خىل ناچار قىلمىشلىرىمىزنىڭ
دەردىنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تارتىپ قالارمىزمە-
كىن، دەپ قورقىمەن. كىشىنى پۇشايماندا قالدۇرىدىغان
بۇ چەكسىز ئەركىنلىك ئىزسىز كەتمەيدۇ. ئۇ مــىلــلــىي
ئۆرپ ـ ئادەت دەستۇرلىرىمىزنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرامدۇ ياكى تارىخىي مىراسلىرىمىزدىن ئايرىلىپ
قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ، بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.
چۈنكى دۇنيادا سەۋەب ـ نەتىجىسىز ئىش بولمايدۇ. بە-
زىدە مەن باللار بىلەن ئۆسمۈرلەرگە ناگاننىڭ خىلمۇ
خىلىنى، پۇرچاقتەك ئوق ياغدۇرىدىغان ئاپتوماتنى، ۋا-
لىداپ تۇرىدىغان قىلىچ ـ خەنجەرنى ئويۇنچۇق قىلىپ
چىقارمىسا قانداق بولار، دەپ ئويلاپ قالىمەن، ئالىملار-
نىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئويۇنچۇق قورال ئويناپ چوڭ
بولغان باللىنىڭ روھىي ھالىتىدە، تەڭتۇشلىرىغا قارىغاندا
بەڭۋاشلىق، تەكەببۇرلۇقتا ئوخشاش سەلبىي مىجەزلەر

سالماق ئورۇندا تۇرىدىكەن. ھاياتنىڭ تاتلىقىدىن كۆرە،
ئاچچىقىنى كۆپرەك تېتىغان بىزنىڭ ئېلىمىز ياشلار تەر-
بىيىسىگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قارىتىدىغان نى ـ نى ئاچ-
چىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈرمىدىمۇ!

چاقانوف: ياپون مۇتەپەككۇرى د. ىكدا بىلەن قىل-
غان سۆھبىتىڭىزدە «ھەر بىر ئائىلە ئەۋلادىنى ھەرقانداق
ئىدىيىۋى ھۇجۇملاردىن قوغدىيالايدىغان بولـۇشى كې-
رەك» دېگەن ئىدىڭىز، بىز بولساق ئەس ـ ھوشىمىزنى
يىغىپ، ئىشىمىزنى ئىزىغا سېلىۋېلىشنىڭ ئورنىغا تا ھا-
زىرغىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىمايدىغان مۇستانگــرغــا
(ياۋا ئات ئوۋلىغۇچى ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى ساقلىغۇچى)
ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەس نىشانىنى مەقسەت قىلىۋېلىپ،
ھالىمىزدىن كەتكۈچە ئالغا ئىنتىلدۇق.

ئايتماتوف: شۇنداق، مېھرىبانلىق، شاپائەت كۆتۈرۈ-
لۈپ كېتىۋاتىدۇ. سادىزىم دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە كۆرۈ-
لۈۋاتىدۇ. ئەمدى مۇشۇ سادىزىمنىڭ قانداق پەيدا بولغان-
لىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتسەك.

ئۇنىڭ ئادەملەر ھەرىكىتىدە پەيدا بولۇشىنى ئالىملار
ئىرسىيەت ئارقىلىق بولىدىغان سادىزىم، روھىي كېــسەل
يەنى نەشەخورلۇق ۋە ھاراقكەشلىك تۈپەيلىدىن پــەيــدا
بولىدىغان سادىزىم، جەمئىيەتتىكى سەلبىي ئۆزگىرىشلەرگە
مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆز مۇھىتىنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن
پەيدا بولىدىغان سادىزىم دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ.

سادىزىم فرانسىيىنىڭ 18 ـ ئەسىردە ياشىغان يازغۇ-
چىسى ماركىزدې سادنىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلىك بــولــۇپ،
ساد كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئۆزى ھەققىدە: «يەر يۈزىدە
مېنىڭ قەبرەمنىڭ ئورنى قالمايدۇ ھەمدە مەن توغرىسى-
دىكى ئەسىدىلىكلەرنىڭمۇ كىشىلەر ئېسىدە مەڭگۈلۈككە
يوقىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل» دەپ قەتئىي ھۆكۈم
چىقارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆمۈربويى قىلغان ۋەھشىيلىكى
ئۇنىڭ نامىنى تا ھازىرغىچە ئۆچۈرمەي كەلمەكتە. ماكىزدې
ساد قولىنى قانغا تىقىپ ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، ئوغرىلىق،
قاراقچىلىق قىلمىغان، پەقەت ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن فران-
سىيە خەلقى بىلىدىغان ئۇچىغا چىققان شۆھــرەتــپــەرەس
بولغان. ئۇنىڭ بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان ھاياتى بىلەن
يازغۇچىلىقىنىڭ بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغانلىقى كىشىنى ئۆ-

2003 5

زىگە جەلپ قىلىدۇ. ساد ئۆز ۋۇجۇدىدىكى تاپتىن چىققان قىلىقلارغا ئۆزى ياشىغان زامان جاۋابكار، دەپ ئەيىبلەيدۇ.

چاتانوف: ئەينى چاغدا فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا مەۋجۇت ھۆكۈمرانلىقى، ئابرۇيى ۋە ئامىتى قېچىپ ۋەيران بولۇشقا، ئىچكى جەھەتتىن قاتماللىققا يۈز تۇتقان مەزگىلى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ سادنىڭ «تۆشۈكتە ھەر بىر ئەركەك زوراۋان بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزى ئۇلار ئۈچۈن شوئارغا ئايلاندى.

ساد لەززەت بىلەن ئازابنى ئايرىمايدۇ. بۆردەلدەرگە (جاي ئىسمى) كەلگەن ساد يېنىدا ياتقان ئايالنى ئالدى بىلەن قامچىدا راسا ئۇرىدۇ ـ دە، ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. ئۇ دائىم «بۇنىڭدىن ئالدىغان راھەتنىڭ چەكسىزلىكىگە راۋۇرۇس كۆزۈم يەتتى» دەيتتى.

«جىيۇستىنا» رومانىدا ئەڭ ئاۋۋال كۆزگە تاشلىنىدىغان زوراۋانلىقنىڭ بىرى جەركاند ئىسىملىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ ئايالىنى يارىلاندۇرۇپ، يارىدىن ئاققان قانىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدۇ ھەمدە بۇ ھەرىكىتىنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاپتور بولسا مۇشۇ يەرنى تەسۋىرلىگەندە ئۆزىنىڭمۇ ھەقىقىي راھەتكە چۆمۈلگەنلىكىنى يوشۇرالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سادنىڭ ئىسمى «سادىزم» دېگەن خەلقئارالىق ئاتالغۇغا ئايلىنىدۇ. بىراق، ئەنە شۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلغان ماركىزدې سادنىڭ ھاياتى ئىنتايىن مۇشەققەتتە ئۆتىدۇ. بىر نەچچە قېتىم پاھىشىخانىلاردا تۇتۇلۇپ قاماققا ئېلىنىپ، سۈرگۈن قىلىنىدۇ. خەلقنى يىرگەندۈرگەن تەلۋە ئاخىرى ئىتالىيىگە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىتالىيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ شەھۋانىخۇمارلىق كېسىلى تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ زامانداشلىرى «1770 ـ يىلى سېنتەبىردە ئىتالىيىلىكلەر سادنى تۆمۈر قەپەسكە سولاپ، ۋەتىنىگە ئەكېلىپ قويدى» دەپ يازىدۇ. ۋەتىنىگە شەرمەندىلەرچە قايتىپ كەلگەن چاغدىن باشلاپ، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بوي بەرمەي چاپچىپ تۇرغان «سادىزم»نى ئۆلتۈرىدۇ ـ دە، يازغۇچىنى دۇنياغا ئەكىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ شەرمەندە ھاياتىنى قەغەزگە چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ.

«جىيۇستىنا» رومانىدا مالاي قىز جىيۇستىنا ئۆي خوجايىنلىرىدىن قانداق خورلۇقلارنى كۆرمىدى؟ مەجبۇرلاپ قويىسغۇ بىر نۆرى، ئىككى پۇتنى ياغاچقا تارتقۇزۇپ باغلاپ، ئىككى قولنى ئىككى ياققا كېرىپ ئۇرىدۇ، ئىتقا تالىتىدۇ، تومۇرنى كېسىپ، قانلىرنى ئاققۇزۇپ خۇمارنى باسىدىغانلىرىچۇ تېخى! بويىنغا بويۇنتۇرۇق سېلىپ قىينايدۇ. جىيۇستىنا ئايلىنىپ قالغاندىلا ئاندىن ئارغامچىنى بوشىتىدۇ.

ئايتماتوف: ماركىزدې سادنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھشىيلىك بىلەن قانخور لۈكچەكلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ بۇنىڭ ھەممىسنى يىرگىنىپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ھەددىدىن زىيادە ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپ بايان قىلىدۇ. لەنەتتىن باشقىنى ئاڭلىمىغان سادنىڭ ياۋۇزلۇقنى مەدھىيىلەيدىغان كىتابلىرى ھازىرمۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەچچە مىليون نۇسخا تارقىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ روھى زەئىپلەشكەن زامانغا دۇچ كەلگەن ياشلىرىمىزغا بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇشلۇق قىلىپ بېرىشتىن نېمە پايدىغا ئېرىشەرمىز؟

چاقانوف: سادنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەھىملىك كۆرۈنۈش بىلەن ئۇچىغا چىققان ياۋۇزلۇققا لەنەت ئوقۇيسەن، ئۆز ئانىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغان، ئۆز قىزى بىلەن ئاشنىدارچىلىق قىلغان ۋەھشىي ئاتىنىڭ قىلىقلىرىنى ئوقۇش نەقەدەر ئازاب ـ ھە!

يېقىندا «دۇنيا خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىدا «يېشىم 37، بويۇم ئېگىز، چىرايلىق كەلگەن يىگىتمەن، تۆشەك مۇناسىۋىتىدىن ئىلگىرى ئۆزىنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ، جىنسىي جاڭگالدا قويىدىغاننى ياخشى كۆرىدىغان، جاراھەت چۈشكەندىن كېيىن لەززەت ئالىدىغان ئايالنى ئىزدەيمەن. بەلكىم، ئورنىمىزنى ئالماشتۇرۇپ قالارمىز» دېگەن ئېلاننى ئوقۇپ، ئېسىمگە ئاۋۇلدىكى بىر ئايالنىڭ تېخى بالا چېغىمدا كۆرگەن قىلىقى چۈشتى.

كۆندىلىك ئۆي ئىشى بىلەن تىنىچ يۈرۈيدىغان لىۋەنگىنە قوشنا كېلىنچەك تۇيۇقسىزلا چالۋاقاپ، خالايىقنىڭ ئالدىدا ئېرىنى سەۋەبسىزلا تىللايدىغان بولۇۋالدى. سەۋر ـ تاقىتى تۈگىگەن ئېرى ئۇنى ناھايىتى قاتتىق ئۇ-

راتتى. بۇ چاغدا ئارىغا چۈشكەن قوشنىلار:

— ۋاي، شور پېشانە ئۆلىدىغان بولدۇڭ، بېشەملەكىڭنى توختاتساڭ بولمامدۇ؟—دېسە، ھېلىقى ئايال:

—ئۇ ئۇرسا دۇمبەمنىڭ تېرىسى كېڭىيىپ راھەتلىنىپ قالىدىكەنمەن—دەيتتى.

ئۇ چاغدا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدىم. ھازىر ئويلىسام بۇمۇ يوشۇرۇن ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تېپىشمىقى ئىكەن. ماركىزدې ساد بىلەن يۇقىرىدا ئېيتقان جورا ئىزدىگەن يىگىتنىڭ تۆشەكدىشنى قىيناشقا بولغان خۇشتارلىق، ئاۋۇل ئايالنىڭ تاياق يېيىشنى تەلەپ قىلىشىدا مەلۇم بىر ئورتاقلىق بار.

بىر قېتىم مەركەزدىن ماشىنا بىلەن كېلىۋاتاتتىم. ۋاقىت تۈن نىسبىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇزۇن ياغاچ ئاۋۇلىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈشۈمگە بىر قاتناش ساقچىسى ئالا تايىقنى كۆتۈردى، توختىدىم. قازاق يىگىتى مېنى كۆردى-دە:

—مۇقا، سىزكەنسىزغۇ، بۇ خۇپتەندە نەدىن كېلىۋاتىسىز؟—دەپ پاپىپتەك بولۇپ كەتتى ۋە،—رەنجىسىڭىز بىر يىگىتنى ئالمۇتاغىچە ئالغاچ كېتەمسىز؟—دېدى.

—چىقسۇن، ئۆزۈممۇ يالغۇزسىراپ كېلىۋاتاتتىم، دېدىم.

—ھە، يىگىت، يول بولسۇن!—دېدىم يېنىمدىكى ناتونۇش يىگىتنى پاراڭغا چاقىرىپ.

—ئالتە ئايالنى قىيناپ ئۆلتۈرگەن ئادەم ھەققىدە ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟—دېدى ئۇ.

—يامان گەپ ياتامدۇ، دەيسىز، ئاڭلىغان.

—مەن مۇشۇ ئىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان سوراقچى.

—مېنىڭچە ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا ئەمەسقۇ، دەيمەن.

—ياق،—دېدى سوراقچى بېشىنى چايقاپ، ئەس-ھوشى جايىدا، ئۆزى مۇشۇ ئۇزۇن ياغاچتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مەكتەپنىمۇ ياخشى پۈتتۈرگەن، قەددى-قامەتلىك كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە ئۇ قۇربانلىقنى ئالدىنئالا تەييار قىلىۋالىدىكەن، ئىككىسى يالغۇز قالغاندا يىگىت خەنجىرنى ئايالنىڭ يۈرىكىگە تۆۋىنگىچە تىقىپ ئايلاندۇرۇپ قويغان چاغدا بىچارىنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كەلمەمدۇ! ئايالنىڭ ئاشۇ جان ئازابىدىن يىگىت ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھۇزۇر ئالسا كېرەك، قۇربانلىقى قانچە قىينالسا، ئۇ شۇنچىلىك راھەتلىنىدىكەن.

—ۋاي، ئاتاڭغا لەنەتەي!

—مۇقا،—دېدى سوراقچى ئالمۇتانىڭ چىراغلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا،—ماشىنىڭىزنى توختىتىڭا، سىزگە بىر سۈرەت كۆرسىتەي.

ئۈندىمەي تورمۇزنى باستىم. ھەمرىيىم قول ساندۇقىنى ئاچتى-دە، قەغەزلەر ئارىسىدىن بىر سۈرەتنى ئېلىپ، قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە بويىندىن كېسىلگەن بىر ئايالنىڭ بېشى تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئىككى كۆزى يۇمۇلغان...

—مانا بۇ ھېلىقى يىگىتنىڭ ئاخىرقى قۇربانلىقى.

تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. سوراقچى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

—لېنىنگرادتىن ئالايىتەن چاقىرىلغان ئالىملار يىگىتنىڭ يەتتىنچى ئاتىسى جاللات بولغان، دېگەن پەرەزلەرنى ئېيتىشتى، يەنى بۇ قانخورنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئۇنى ئازابلاشقا خۇمار بولغانلىقى ئۇرۇق قوغلىشىشتىن بولغان. ئۇ بۇ ياۋۇزلۇقنى ئىختىيارسىز قىلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭغا قان تەركىبى بىلەن تېگى-تەكتى مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

تارىختا قۇيقا چېچىڭنى تىك تۇرغۇزىدىغان ۋەقەلەر ئازمۇ!

17-ئەسىردىكى قانخور ئايال—ۋېنگرىيە گرافىنىڭ خانىمى ئېلزابىتتا باتۇرىنى ئالايلۇق، بۇ خانىم ياش قىزلارنىڭ ئىسسىق قېنىغا چۆمۈلۈشنى ئادەت قىلغان. قانغا چۆمۈلگەن چاغدا ئايال ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدىكەن ھەمدە يۇمران قان گۈزەللىكىمنى ئاشۇرىدۇ، دەپ قارايدىكەن. بۇ زالىم ئايال 650 دېھقان قىزىنى قۇربانلىق قىلغان.

چىكە، ياپون پەيلاسوپى دايساكو ئىكېدا بىلەن قىلغان سۆھبىتىمىزدە سېيرىڭىزنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئوغرىلار ھەققىدە ئاچچىقىڭىزدا قولىڭىزغا مىلتىق ئېلىپ، ئوغرىلارنى ئېتىپ تاشلاشقا قەتئىي بەل باغلاپ يولغا چىققانلىقىڭىز توغرىسىدا ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدىڭىز...

2003.5

ئايتماتوف: مۇھتىمۇ بەزىدە كىشىنى تاش يۈرەك
قىلىۋېتىدۇ، دېگەن گەپكە تامامەن قوشۇلىمەن. مۇنداق
تۇيغۇنى مەنمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ
ئەڭ ئېغىر مەزگىلىدە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئادەم ئۆلتۈ-
رۈپ قويغىلى تاسلا قالغان يېرىم بار. 1943 ـ يىلى نويابىر
ئايلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئائىلىمىز ناھايىتى ئېغىر
قايغۇغا دۇچار بولدى. مېنىڭ جانىنى ئېلىپ جاڭگالدا
قويغان ئاچارچىلىق بىلەن ئۇرۇش دەھشىتى توغرۇلۇق
سۆزلەۋاتقىنىم يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىك
ئەھۋاللار. ئۇنىڭ ئۈستىگە «خەلق دۈشمىنى»نىڭ بالىسى
بولساڭ، ئەھۋالىڭ تېخىمۇ خارابلاشامدۇ! ئانىمىز ئاغ-
رىق، جىگدە ئاۋۇلىدا تۇرۇۋاتاتتۇق. تۆت بالىنىڭ چوڭى
مەن، يېشىم 15. ئۆيىمىزدە قوتان بولمىغاچقا، جان تومۇ-
رىمىز بولغان سىيىرىمىزنى باشلىقنىڭ رۇخستى بىلەن
كولخوزنىڭ قوتىنىغا قوياتتۇق. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مۇزاي
ۋاقتىدىلا بىزگە بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ئاشۇ سىيىرد-
مىزنىڭ ئىسمىنى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇغىنىم يوق، ئۇنىڭ
ئىسمى زۆھرە ئىدى. ئۇنىڭ بارلىقىنى زىغىرلاپ سۆزلە-
ۋاتقىنىم ئۇ سىيىرسىز بىزنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۈنبويى قوتاندىن چىقماي زۆھ-
رەنىڭ دۈمبىسىنى تاتىلاپ، قوشنىلاردىن تاماق قالدۇق-
لىرىنى يىغىپ ئۇنىڭغا بېرەتتۇق. ئەتىيازغا يېقىن مۇزايلىق
بولۇپ قالسا، ئۆيىمىزدىن سۈت، قايماق، ئايران، ئىرىم-
چىك ئۈزۈلمەس، دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق. بىر كۈنى ئور-
نۇمدىن سەھەر تۇردۇم ـ دە، زۆھرەنى كۆرمەكچى بو-
لۇپ، كولخوز قوتىنىغا ماڭدىم. قوتانغا خەقلەردىن بۇرۇن
بېرىۋاپتىمەن. مالچىلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلمەپتۇ. ئى-
شىكتىن كىرگەنىلا يەرنىڭ ئەڭ چېتىگە باغلاقلىق تۇرىدى-
غان بىزنىڭ سىيىر ئۆز ئورنىدا يوق. دەسلەپتە بوشىنىپ
كېتىپ تالادا يۈرەمدىكىن، دېگەن ئويغا كەلدىم. قورۇدىمۇ
يوق ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى. بىر بۇلۇڭدىكى دۆۋىلەن-
گەن چۆپنىڭ ئۈستىدە پەرۋاسىز ئۇخلاۋاتقان كۆزەتكۈ-
چىنى ئويغاتتىم.

بوۋاي ھەقىقەتەن بىلمىدىمۇ ياكى بىلمەس قىياپەتكە
كىرىۋالدىمۇ، بۇرنىدىن خىڭىلدىغاندىن باشقا تۈزۈك جا-
ۋاب بېرەلمىدى. شۇنچىلىك ئازابلىنىپ كەتتىمكى، تۆت
ئەتراپقا قاراپ، دەريا بويىغىچە بېرىپ، ھەممە يەرنى
تەكشى ئىزدەپ كەلدىم، يوق. بىر پېشكەللىكنىڭ بولغى-
نىنى سەزدىم ـ دە، ئىلدام مېڭىپ ئاپامنىڭ قېشىغا كەلدىم.
سىيىرنىڭ ئوغرىلانغانلىقىغا شەكلىنىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا ئەمدى زۆھرەسىز قانداق
ھايات كەچۈرىمىز، دېگەن سوئال سايە تاشلاپ تۇراتتى.
ئۇكا ـ سىڭىللىرىم ئۇزاققىچە ئۆكسۈپ يىغلىدى. چۇ-
قان ـ سۈرەنىمىزنى ئاڭلىغان قوشنىلار ئوغرىلارنى قار-
غاپ لەنەت ئوقۇدى. روھىي دۇنيايىمدا «نېمە بولسۇن،
ئوغرىلاردىن ئۆچ ئېلىشىم كېرەك، ئۆزۈمدىن كىچىك
جىگەر ـ پارىلىرىمنى قوغدىيالمىسام ياشىمايلا قوياي»
دېگەن قەھر ـ غەزەپ بىلەن قىساسنىڭ ئويغانغىنى تېخى-
چە يادىمدا. خىيالىمدا پەقەت بىرلا مەقسەت، ئوغرىلارنى
ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈش! قوشنىمىز تراكتورچى تۆ-
مۈربەكنىڭ مىلتىقىنى سوراپ باردىم. ئاغرىپ يېتىپتىكەن،
باشقا گەپ قىلمايلا:

ـــ ئەنە، تامدا ئىلىقلىق تۇرۇپتۇ. ئالۋەر، ئوق ـ دو-
رىسى باشقا خالتىغا سېلىنغان، ساق بولغان بولسام ئۆ-
زۈملا ئىزدەپ تېپىپ، ئېتىپ تاشلايتتىم ـــ دېدى. تۆمۈر-
بەكنىڭ ئوقلانغان مىلتىقىنى غەزەپ بىلەن ئېلىپ چىقتىم.
سىيىر يىلقىغا ئوخشىمايدۇ، كۆپ ئۇزاپ كېتەلمەيدۇ.
كۈندۈزى خەقلەر كۆرۈپ قالىدۇ، دەپ سويۇپ، گۆشىنى
يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى كېرەك، ئۆزلىرى ھەممە ئىشنى
پۈتتۈرۈپ ئۇخلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىياللار
كەچتى. ئىزدەيدىغان ئادىمى يوق، يېتىم ـ يېسىر دەپ
ئوغرىلارنىڭ بىزنى ئاني تاپقانلىقى غەزىپىمنى تېخىمۇ
كۈچەيتىۋەتتى. ئوغرىلار قانچە ئادەم بولسىمۇ مەيلى،
ئۈستىدىن چۈشۈپ، بىر ـ بىرلەپ ئاتىمەن، دېدىم ئۆز ـ
ئۆزۈمگە.

ئېكىنلىك، ئويمان ـ دۆڭ يەرلەردە توختىماي مېڭى-
ۋەردىم. ئىنى ـ سىڭىللىرىم بىلەن نۆۋەتلىشىپ كىيىدىغان
ئۆتۈك يىرتىلىپ كەتسىمۇ ئاياپ قويمىدىم. يول تاللاپ
مېڭىشقا ۋاقىت قىس ئىدى. كۆن دېگەرگە ئاز قالدى.
ئوغرىلار قارىسىنى كۆرسىتىدىغاندەك ئەمەس، تىرىك
جانمۇ، مالنىڭ ئىزىمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. ئوغرىلار يې-
قىنلا يەردىكى جامبۇلغا كېتىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم.

زۆھرەنى سويۇپ، بازاردا ساتماقچى، يۈرىكىم تېخىمۇ دۈپۈلدەپ، شەھەرگە يول ئالدىم. جامبۇلغا تاڭ ئېتىشى بىلەنلا بېرىپ، بازارنى ئارىلايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار مېنى تونۇيدۇ. بىراق، كەچۈرۈم يوق، گۆش پەشتاختىدا تۇرغان يېرىدىلا ئېتىپ تاشلايمەن.

خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ، ھېچكىم بارمايدىغان كونا قۇرام تاشلىقتىن ئېشەك مىنىپ كېلىۋاتقان بوۋاينى بايقىماپتىمەن، ئاچچىقىمغا شۇنچىلىك ھاي بېرەلمەي قاپتىمەنكى، ھەتتا سالاممۇ قىلماپتىمەن. مېنى بوۋاي توختاتتى.

—بالام، سەن بىراۋنى ئۆلتۈرگىلى كېتىۋاتامسەن، نېمە؟

—ھەئە،- دېدىم ئۇنىڭ سوئالىغا قىلچە ھەيران قالماي،- نېمىلا بولمىسۇن، ئۆلتۈرىمەن.

كۆزلىرىم ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان، يېلىڭ كىيىنىۋالغان بوۋاينىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

—ۋاي، بالام، ئوغاي ئىش ئەمەسكەن، ئالدىرىماي، پاراڭلىشايلى، نېمىشقا بۇنداق دەھشەتلىك قارارغا كەلدىڭ؟

—يىلنى سىلىپ تۇرغان سىيىرىمىزنى ئوغرىلار ئەپكەتتى. تۆتىمىز ئەمدى ئاچلىقتىن ئۆلىمىز، ئاپام بولسا كېسەل...

—تەس بوپتۇ، تولىمۇ تەس بوپتۇ، لېكىن سەن گېپىمگە قۇلاق سال، بالام، ھەتتا خىيالىڭدىمۇ ئادەم ئۆلتۈرمە، مەيلى ئۇ قارغىش تەگكۈر ئوغرى بولسىمۇ، لەۋزىمنى يەردە قويمىساڭ ئۆيۈڭگە قايتقىن ۋە ئۇمۇرۋايەت ئېسىڭدە ساقلا، ياۋۇزلۇق قىلغان ئادەمنى ھاياتنىڭ ئۆزى جازالايدۇ. بۇنىڭغا گۇمان قىلما، سېنى بولسا ھايات رازى قىلىدۇ. بەخت ـ ئامەت ئۆزۈڭنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ. بۈگۈن بىر سىيىرىڭنى ئوغرىلاتقان بولساڭ، چوڭ بولغاندا ناھايىتى كۆپ سىيىرلىك بولىدۇ. ماڭا ئىشەنسەڭ، ئۆيۈڭگە قايت، كېيىن گەپلىرىمنىڭ راستلىقىغا كۆزۈڭ يېتىدۇ. ئېيتقان مۇشۇ گەپلىرىمنى ئاپاڭغا سۆزلەپ بەرگىن، مەنمۇ ئۆز يولۇمدىن قالماي...

ئۆزاپ كېتىۋاتقان بوۋاينىڭ كەينىدىن قاراپدىم، ئۇ ئارقىسىغا قارىمىدى. مەڭدىگەن پېتى ئاۋۇلۇمغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئېسىمنى يىغسام، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جاقىلداپ، يىغلاپ كېلىۋېتىپتىمەن، يولدا يولۇققان خىزىردەك بوۋاينىڭ سۆزلىرى ھېلىمۇ يادىمدا. بۇ ۋەقەنى بىر تونۇشىمىزغا بايان قىلىپ بەرگىنىمدە، ئۇ:

—قانچە سىيىرلىك بار؟— دەپ سورىدى.

—بىرمۇ سىيىرىم يوق،—دەپتىمەن، كېيىن ئويلىسام پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا چىقىۋاتقان كىتابلىرىم مېنىڭ ھازىرقى سىيىرلىرىم ئەمەسمۇ، بەلكىم شۇ ئەۋلىيا ئاقساقال مۇشۇنى كۆزدە تۇتقاندۇ.

مۇقا، پارىڭىمىز سادىزمدىن شاخلاۋاتىدۇ. بەزىدە قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولغان ئاشۇ باللىق چېغىم، يالغۇز نىجاتچىمىزنى يوقىتىپ، ئاچلىقتىن تولغانغان زىمىستاننىڭ مۇدھىش كۈنلىرى ئېسىمگە چۈشۈپ مەيۈسلىنىپ كېتىمەن. بىراق، ئوقلانغان مىلتىقنىڭ ئالدىغا ئوغرىلارنىڭ ئۇچراپ قالمىغىنىغا ھازىرقى كۈنلەردە يۈز مىڭ قېتىم شۈكۈر قىلىمەن. رەھىمسىزلىكتىن رەھىمسىزلىك تۇغۇلىدۇ. ئوغرىلارغا ئۇچراپ، ئۇلارنى يەرچىشلەتكەن بولسام، مېنىڭ تەقدىرىم قايسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتەرئىدى؟ جەمئىيەتتىكى سەلبىي ئۆزگىرىشلەرگە باغلىق بولغان ھەم ئۆز مۇھىتىمنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان سادىزم ئۇچقۇنى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ ئويغىنىشى مۇمكىن ئىدىغۇ! ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى تولىمۇ مۇرەككەپ، يۈرىكىڭدە بىخ يارغان ئىزگۈلۈك بىلەن مېھرىبانلىق نوتىسىنى مۇشكۈلات بىلەن ئازابتىن پەيدا بولغان ئۆچمەنلىك، رەھىمسىزلىككە ئوخشاش تەلۋە كۈچلەرنىڭ چەيلەپ تۇنجۇقتۇرالمايدىغانلىقىغا كىم كېپىل بولالايدۇ؟

**چاقانوۋ:** لىف، تولستوي «ھەر قېتىم پۈتلاشقىنىڭنى بەختسىزلىك دەپ قارىما، بەلكىم سېنىڭ ھەقىقىي بەختىڭ شۇ يەردىن باشلىنار» دېگەنىكەن.

**ئايتماتوف:** ئەگەر ئاشۇ بالا چېغىمدا پۈتلاشقان بولسا، ئۆمۈرۈم ئاخىرى پۇشايمان بىلەن ئاياغلىشار ئىدى. بۇنى ئويلىسام تېنىم سىرقىراپ كېتىدۇ. مېنى ياماللىقتىن ساقلاپ قالغان ئاشۇ ئاقساقال كىم ئىدىكىن؟ ياكى خىزىرمىدۇ، ئەۋلىيامىدۇ؟

سادىزم كېسەللىكى كۈچەيگەن ھازىرقى زاماندا ياش-

لارنىڭ روھىي ئالىمگە ئەقىل ـ پاراسەت سېپىدىغان، ئۇلارنى پەرىشتىدەك مۇھاپىزەت قىلىپ يۈرىدىغان مۇقەددەس ئاقساقاللارنىڭ قەدرى تولىمۇ ئۆتۈلمەكتە.

چاقانوف: ئاتا ـ بوۋىلىرى مۇتەپەككۇر، زىيالىي، ياۋاش ياكى قانخور، قولاق كەستى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يەتتە ـ سەككىز ئاتىدىن كېيىن شۇنداق مىجەزلىك ئەۋلاد كۆرۈلەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاق نىيەت بىلەن قارا نىيەت ئەۋلادلىرىنىڭ ئېڭىغا، ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئۇمۇرۋايەت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېرەمدۇ؟ مەسىلەن: سىزنىڭ سىيرىڭىزنى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ ئۇرۇقىدىن پەقەت تام تېشىدىغان ئوغرىنىڭ پەيدا بولۇشى شەرتمۇ؟

يېقىندا گېزىتتىن بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تولىمۇ خەۋپلىك ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ماقالىنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم. زامانداشلىرىدىن چۈشەنچە ۋە بىلىم جەھەتتە ئالدىدا تۇرىدىغان ئەلاچى ئۆسمۈر مۇشۇك بىلەن ئىتنى قىناشتىن، قىيناپ ئۆلتۈرۈشتىن ھوزۇرلىنىدىكەن، بىر قېتىم ئامبارغا ئوت قويۇۋېتىدۇ. جامائەت يىغىلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، بەزىلەر قايغۇرۇپ يىغلاۋاتسا، ئۇنىڭ جېنى ئارام تېپىپ راھەتكە چۆمۈلىدۇ. ھەتتا بىر قېتىم قەبرىستانلىققا بېرىپ، يادنامىلارنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ. گۆرنى قېزىپ، مۇردىلارنى خورلايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپتە ماختىلىپ يۈرگەن بالىسىنىڭ بۇنداق شەرمەندە قىلىقىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئاپىسى ئۇستۇبېشى لاي ـ توپا قايتىپ كەلگەن ئوغلىدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىسا، ئۇ:

ـــ گۆرنى قېزىپ، ئۆلۈكلەرنى قىيناپ كەلدىم، ـ دەيدۇ خۇددى چوڭ بىر ياخشى ئىش قىلىۋەتكەندەك. مېنىڭچە بۇنىڭغا قارشى قوللىنىدىغان چارىنى ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ تاپقان ياخشى. چۈنكى، «ئەسىردىنمۇ ئۇزاق كۈن» (بورانلىق بېكەت) ناملىق رومانىڭىز خەلقئارادىكى ھەممە تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدىكى ئوقۇرمەنلەرنى رازى قىلدى. رومانىنىڭ شۇنچىلىك مۇرەككەپ ۋە شۇنچىلىك چوڭقۇر ۋەقەلىرى خىيالىڭىزدا قاچان ئويغانغانىدى؟ «ماڭقۇرتچىلىق» بىلەن دۇنياۋى مۇھاسىرە ئىدىيىنى يەنى شەخسىي ئادەم بىلەن پۈتۈن ئالەم مەسىلىسىنى قانداق ھېمزىرھەم قىلدىڭىز؟

ئايتماتوف: يازغۇچى يازماي يۈرسىمۇ، خىيالدا يېزىپ بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئالدىڭغا قەغەزنى يېيىپ، قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ يازىدىغان ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى قويغان بىلەن، ئۇنىڭغا ئىچكى تەييارلىقلىق بولمىسا، ئاسمان ـ پەلەك ساراي سېلىشقا تۇتۇنغان، لېكىن قورال ـ جابدۇقنى غەملىمىگەن بىناكارغا ئوخشاش ۋاقتىڭنى بىكارغا ئۆلتۈرىسەن. ياخشى پىكرىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كۆڭۈل خەزىنەڭنى ئاختۇرىسەن، باللىق چاغدىكى ئەسلىكلەر، كۆرگەن ـ بىلگىنىڭ، كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ، كەچۈرمىشلىرىڭ ئەسەرنىڭ نېگىزىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

«ئەسىردىنمۇ ئۇزاق كۈن» رومانىنى يازىدىغان چېغىمدا ماڭقۇرت تېمىسىنى ئالايىتەن تەتقىق قىلدىم. باللىق چاغلىرىمىزدا قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان بىراۋلارغا «ھەي ، سەن ماڭقۇرتمۇ؟ » دەۋاتقانىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان. ئادەمنىڭ ماڭقۇرتقا قانداق ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، سۆڭەك ـ سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئېغىر گەپلىكىنى ھېس قىلاتتۇق. مۇشۇ ماڭقۇرتلۇق توغرىسىدا دەسلەپكى ئۇچۇرلارنىڭ بىرى بۇنىڭدىن ئون ئەسىر ئىلگىرى كۆيلىنىپ، قىرغىز خەلقىنىڭ ئەرلىكى بىلەن ئەللىكنىڭ مۇكەممەل قامۇسىغا ئايلانغان «ماناس» قىسسىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا بالا ماناسنىڭ شوخلۇقى بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچىدىن قورققان موڭغۇللار ئۇنى ماڭقۇرت قىلىۋېتەيلى، دەپ ۋەدىلەشكىنى مۇنداق كۆيلىنىدۇ:

بالىنى تۇتۇپ ئالايلى،
بېشىغا شىرە سالايلى.
ئۆيگە ئاپىرىپ قىينايلى،
ئالتە تۇغقان موڭغۇلنىڭ
باش ـ ئايغىن يىغايلى.

60 ـ يىللارنىڭ ئىچىدە، ئاتاقلىق ماناسچى ساياقباي قارالايىفتىن ماڭقۇرت بىلەن شىرەنىڭ مەنىسىنى سورىغانىدىم. ئۇ سەل ـ پەل ئويلىنىۋېلىپ ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىغانىدى:

بۇرۇنقى زاماندا موڭغۇل بىلەن قىرغىز يېغىلىقى

MIRAS

مەزگىلىدە ئىككى تەرەپ مال ـ مۈلۈك بىلەن بىللە بىر ـ بىرىدىن قۇل قىلىپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تۇتقۇن ئالاتتى. تۇتقۇن مالنىڭ كەينىدە پالاقلاپ يۈرگىنى بىلەن بىر كۈنى ئېپىنى تېپىپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ياكى بىر كىملەر ئارقىلىق ئۆزى ھەققىدە يۇرتىغا خەۋەر بېرىشىمۇ، ھەتتا تىرىك ئادەم بولغاندىكىن، ئاۋۇلدىكى قىزلارغا ساقال تاشلاپ سېلىشىمۇ مۇمكىن. كىچىك قولغا چۈشكەن، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان تۇتقۇن بەش يىل ياكى ئون يىل «لەببەي» دەپ خىزمەت قىلار، كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە قارشىلىق ئويغىنىپ، قولغا قورال ئېلىپ ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل ماڭقۇرت قىلىۋېتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال تۇتقۇننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ياش سويۇلغان تۆگىنىڭ بويۇن تېرىسى ياكى سىيرىنىڭ تېرىسىنى بېشىغا قاپلايدۇ. بۇنى قىرغىزلار «شىرە» دەپ ئاتىغان. ئاندىن قىيشتىن تىلىپ باغ ئۆتكۈزۈپ، چېكىسىدىن تارتىپ چىڭ باغلايدۇ. پۇت ـ قولىنىمۇ مەھكەم باغلاپ، پېژغىرىم ئاپتاپقا تاشلايدۇ. تۇتقۇن شۇ چاغدا ئازابقا چۈشىدۇ. ئالدى بىلەن ياش تېرە ئىسسىقتا كىرىشىپ، ئادەمنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئۇستىخىنىنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك قىسسا، ئىككىنچىدىن، ئۆسكەن چاچ كەپلەنگەن تېرىنى تېشەلمەي، تەتۈر قايرىلىپ، باش تېرىسىنى خۇددى يىڭنە سانچىغاندەك ھالغا كەلتۈرىدۇ ۋە مېڭە سەزگۈسىنى ئۆلتۈرۈپ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. بىر ھەپتە ياكى ئون نەچچە كۈندىن كېيىن يا ئۆلۈپ قالىدۇ يا ماڭقۇرتقا ئايلىنىدۇ. ئۆلسىمۇ ئازابتىن قۇتۇلىدۇ. تىرىك قالسا ئىسمىنى، تېگى ـ تەكتىنى، پۈتكۈل كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنتۇپ پەقەت خوجايىنىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەمزات رەزىللىكىنىڭ قۇيقا چېچىڭنى تىك تۇرغۇزىدىغان تالاي خىلىنى ئويلاپ چىقارغانىغۇ، پەقەت بۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغىنى بولماس. بىر قېتىم پويىز بىلەن موسكۋاغا كېتىۋاتاتتىم. قىزىل ئوردا ئوبلىسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن چېغىمىزدا رادىئو بايقوڭۇردىن ئالەم كېمىسىنىڭ ئۇچقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پويىز دېرىزىسىدىن ئاپتاپسىنىپ ياتقان ئېدىرلىققا قاراپ ئۇزاق خىيالغا چۆمدۇم. «بورانلىق بېكەت» رومانىنى يېزىش مۇشۇ چاغدا خىيالىمغا كەلگەن.
باشقا پىلانىتلاردىمۇ ئەقىللىق تىرىكچىلىك ئىگىلىرى بار، دەۋاتىمىز، يەر شارى غايىبتىن ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە ئۇچرىسىچۇ، دېگەن گۇمان ئىچىمگە كىرىۋېلىپ ئارام بەرمىدى. ياش ۋاقتىمدا ئاڭلىغان ماڭقۇرتلۇق ھەققىدىكى ھېكايە خىيالىمدا قايتىدىن پارلاشقا باشلىدى. ئۇ زامانلاردا قاراكۆچ ئىگىلىرى ئادەمنىڭ بېشىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئەقىل ـ ئويىنى ئۆچۈرگەندى. بۇ ئومۇمىي يۈزلىنىش ئالمىغان، يەككە شەكىلدىكى كۆرۈنۈش ئىدى. ئەمدى بولسا قارىمۇ قارشى ئىدىئولوگىينى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزئارا كاللا سوقۇشتۇرۇشقا چۈشكەن ئىككى قۇتۇپ كائىناتقا چىقىپ، بىر ـ بىرىگە ھەيۋە قىلىشىپ، يەر شارىغا شىرە سالسا نېمە بولۇپ كېتەر! ھەربىر بەندىنىڭ بېشىدىكى كۆلپەتلەر ئومۇملىشىپ بىزنى پۈتۈنلەي چىرمىۋېلىپ، چەمبارچاس باغلاپ ئالماسمۇ؟ شەكلى خىلمۇخىل بولغىنى بىلەن تراگېدىيە ئورتاق نەرسىغۇ، ئادەمزاتقا دېۋەيلىشى مۇمكىن بولغان مۇشۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرغۇم كېلىدۇ.

چاقانوف: سىز تالاي ئەسىرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، خۇپىيەسى مىلىك قاتلاملىق ئاسيا قۇرۇقلۇقى پەيدا قىلغان، ئاشۇ ماناس دەۋرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان دەدىسە ئۇسۇلغا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن يېڭى يېشىم تاپتىڭىز ـ دە، ئۇنى دۇنياۋى مەسىلىگە ئايلاندۇردىڭىز. شۇنداق قىلىپ دۇنياۋى سۆز فوندىغا «ماڭقۇرتچىلىق» دېگەن ئاتالغۇنى قوشتىڭىز.

ئادەمنىڭ ئەڭ كاتتا بايلىقى بولغان ئەقىل ـ ھوشىنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق قۇلغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يەنە بىر خىلىنىڭ زومبىي (ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈۋېلىش ياكى تىرىلگەن ئۆلۈك، دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئۆزىڭىزگە ئايان.

ماڭقۇرتلۇقتىن پەقەت قېلىشمايدىغان «ئەسىر قىلمىشى»دەپ نام ئالغان بۇ زالىملىق دەسلەپ ئافرىقا قەبىلىلىرىدە بارلىققا كەلگەن، دېيىشىدۇ. ئافرىقىلىق بىر يىگىت ئېكىنلىكنى ئارىلاپ يۈرگەندە، ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ بۇندىن 15 يىل بۇرۇن ئۆلگەن بىر تۇغقان ئاكىسىنى تونۇپ قالىدۇ. كۆزىگە ئىشەنمەي، يېنىغا بېرىپ قارىسا، ئاكىسىنىڭ دەل ئۆزى.

پەقەت كۆزىلا ھايۋانلارنىڭكىدەك غەزەپلىك، نۇرى ئۆچكەن، ئىپادىسىز، ئالدىدا تۇرغان ئىنسىغا بۇرۇلۇپمۇ قارىمايدۇ. ئىسمىنى ئاتسا، خۇددى ئاڭلىمىغاندەك دىمىقىدا غىڭشىيدۇ. تېخى ئىشىمغا چاتاق تېپىپ بەرمە، دېگەندەك كەتمەننىڭ سېپى بىلەن قېقىپ تاشلاپ، توپىنى راسا كۆچەپ قېزىشقا باشلايدۇ. ھەيران قالغان يىگىت ئاكىسىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ تىرىك مۇردىلار ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىدۇ ۋە بىر توپ كىشىنى باشلاپ كېلىپ، ئاكىسىنىڭ قەبرىسىنى ئاچسا، قۇرۇق تۇرغۇدەك. جىددىي قۇرۇلغان مەملىكەتلىك ھەيئەت يەرلىك ساقچىلار بىلەن بىرلىشىپ، گۇمانلىق قەبىلىنى قاتتىق نازارەتكە ئالىدۇ. قارىسا، ئادەمنى زومبىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ مەخپىيىتى بەك قەدىمكى زاماندىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتىكەن. گۇمانلىق قەبىلىنىڭ ئادەملىرى ھەقسىز قۇل ئىگىلەش ئۈچۈن ئادەمزاتنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان «يېڭىلىق»لارنى يارىتىپتۇ. ئۇلار ئافرىقا دەريالىرىدا ياشايدىغان قوش چىشلىق بېلىقنىڭ دۈمبىسىدىكى قىلتىرىقنى ئېلىپ كۆزلىگەن ئادىمىنىڭ تامىقىغا تۇيدۇرماي سېلىۋېتىدىكەن، بەلگىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ دېمى كېسىلىپ، بەدىنى كۆكىرىپ، تىلى تۇتۇلۇپ كېتىدىكەن. قەبرىگە كۆمۈلگەن ئادەمنى گۇمانلىق قەبىلىنىڭ ئادەملىرى تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن يوشۇرۇن قېزىپ، ئورمانلىققا ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇ يەردە ئۇستىۋېشىغا ساپاي ـ بۇرغىلارنى ئاسقان باخشى ـ پىرىخونلار ئۇنىڭغا ئادەم ئاڭلىمىغان كۈچلۈك دۇئالارنى ئوقۇپ، باشقىلاردىن مۇتلەق سىر تۇتىدىغان ئەم ـ دوملىرىنى قوللىنىدۇ. تاڭ ئاتقاندا ئۆلۈككە جان كىرگۈزۈپ، تەمتىلەپ ماڭغۇزىدۇ، بىراق، ئۇ كىشى بۇ چاغدا يەتتە ئەزاسى ساق، مېڭىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلگەن، ئۆز ئىسمى، تېگى ـ تەكتى، قىسقىسى خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان قۇلغا ئايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قىلمىش مۇشۇنداق ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، ئۆلۈك ئويغىتىلاش تا ھازىرغىچە توختىماپتۇ.

ئايتماتوف: ماڭقۇرتلۇق بىلەن زومبىلىق سادىزمدىن ئۆسۈپ چىققان زەھەرلىك شاخقا ئوخشايدۇ. ئىسمى بۆلەك بولغىنى بىلەن جىسمى بىر.

ئىنگلىز يازغۇچىسى گرىم گرىن «كۆلدۈرگەك ئارتىسلار» ناملىق رومانىنى يازىدىغان چاغدا گايىنى قەبىلىسىگە بېرىپ، زومبىلىقنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان. كېيىن كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «دىۋۋالىيە دېگەن ھۆكۈمرانىنىڭ تونتون ـ ماكۇت دەپ ئاتىلىدىغان مەخپىي ساقچىسىنىڭ تەڭ يېرىمى مۇشۇ زومبىلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئەلدە ئۇچرىغانلا ئادەمنى ئۆلگەندىن كېيىن زومبىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش تولىمۇ ئاسان ئىكەن، شۇڭا خەلق تولىمۇ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ياشاپ كەلمەكتە. ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئوغرىلاپ كەتمىسۇن، دەپ مەخسۇس قاراۋۇل قويىدۇ» دەپ يازغان. گېزىتلەردىكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ قىلمىش يالغۇز ئافرىقا قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدىلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق، ئاۋستىرالىيىلىك يەرلىك خەلق ئىچىدىمۇ ئادەملەرنى زومبىغا ئايلاندۇرۇشمۇ توختىماي ۋېتىپتۇ. خەلق مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئاۋستىرالىيىدە سېھىرگەر ئەمچىلەر كەلگۈسى قۇربانلىقنى ئۆزلىرى تاللايدىكەن، پۈت ـ قولىنى باغلىغان پېتى سول يېنىچە ياتقۇزۇپ، بېلىقنىڭ سۆڭىكىنى ياكى ئىنچىكە نەيزىنى يۈرىكىگە تىقىپ، ئۇنى ۋاقىتلىق ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن سېھىر كۈچى بىلەن قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ، خاتىرىسىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر پەقەت بىر نۇقتىغا قاراپلا ئولتۇرىدىكەن.

چاقانوف: جورج رايد دېگەن بىر ساياھەتچى بۇ قىلمىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ: «يەردە بىر كىشى ئۆلۈپ ياتىدۇ، سېھىرگەرلەرنىڭ ناخشىسى بىلەن دۇمباق ساداسى كۈچەيگەنسېرى ھېلىقى ئادەممۇ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى، ئالدى بىلەن قولىنى كۆتۈرۈپ گەۋدىسىگە قويدى. ئاندىن زوڭزىيىپ ئولتۇردى. تۆت ئەتراپتا ناخشا ئېيتىپ تۇرغانلارنىڭ شۇ چاغدىكى چۇقان ـ سۈرەنلىك نالە ـ پەريادى تا ھازىرغىچە قۇلىقىمدا ياڭراپ تۇرىدۇ، تىرىلگەن زومبىنىڭ ئىپادىسىز قارىچۇقلىرىغا قاراشتىنمۇ ئېغىر ئازاب يوق ئىدى...»

«زومبىلىق ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىمۇ پەيدا بولدى» دەپ يازدى گېزىتلەر. قارا ئىشقا سېلىش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنى ھەر خىل جىنايەتلەرگە ئىشتىرىشلەرمۇ ئەۋج ئالماقتا. ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، تىرىلدۈرۈشنىڭ ئافرىقىدىكىدەك ياۋايى ئۇسۇللىرى يولدا قېلىپ، ھەتتا كومپيۇ-

تېرلىق ئەسۋابلار بىلەن بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمنى بەراقلا زومبىيغا ئايلاندۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ پەيدا بوپتۇ، دېيىشىدۇ.

زومبىيغا ئايلانغان ئادەم ئۆزىنىڭ زومبىي ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلىيالىسا، بۇ قىلمىشقا قاتتىق نازارەت تەشكىل قىلمىغان ھۆكۈمەت بىر يېرىم ياكى 2 مىليون دوللار ئەتراپىدا جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنىدىكەن. گايتىدىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن جالڭ ۋېرنيۋ دېگەن كىشى ئۆزىنى زومبىي دەپ ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىي فوندتىن ياردەم پۇل تەلەپ قىلغان. ئىجتىمائىي فوند گايى تەرەپتىن ۋېرنېۋنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ئالدۇرسا، ئۇ 1978 ـ يىلى 51 يېشىدا ۋاپات بولدى، دەپ كۆرستىلگەنىكەن، سۆڭەكلىرى قاقشال بولۇپ كەتكەن كىشىگە ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ھەق تۆلىمەيدىغانلىقى مەلۇمغۇ! بىراق ئۇ:

ـــ مېنىڭ ئۆلۈپ قايتا تىرىلگىنىم راست، بىراق مەن ھازىرمۇ ياشاۋاتىمەن ئەمەسمۇ! ئۆلتۈرۈشمۇ، تىرىلدۈرۈشمۇ سۈنئىي بولدى، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟ ـــ دېگەن.

**ئايتماتوف:** «مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار» دېگەن مۇشۇنداق دەھشەتلىك سوئال سادىرمىدىن ئازاب چەككەن، ماڭقۇرتلۇق بىلەن زومبىيلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ، ھۆسن ـ جامالىدىن ئايرىلغان يەر يۈزىدىكى قانچىلىك ئادەمنىڭ قەلب ساداسىغا ئايلاندىكىن؟

**چاقانوف:** دېكابىر ۋەقەسىنى تەتقىق قىلىپ يۈرگەن چېغىمدا ئالدىمغا ئىككى ھەمراھنى ئەگەشتۈرۈپ س ئىسىملىك ئەزىمەت كەلگەنىدى، ئۆزى ئىلمىي كاندىداتى ئىكەن.

ـــ گۇناھقا پېتىپ قېلىپ، سوراقخانىدا ياتقىنىمدا بېشىمغا سىرتىدىن بەلگە قوبۇل قىلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان تالالىق سىگىر تىكئۈەتكەنىدى. خەۋپسىزلىك ھەيئىتىدىكىلەر بېشىمغا ئورنىتىلغان ئاشۇ مەخپىي تالا ئارقىلىق مېنى تەجرىبە قىلىدۇ. ھەر خىل يولىيورۇقلارنى بېرىپ ئوي ـ پىكرىمنى يېزىۋالىدۇ. ھەممە ئۈمىدىم سۇلايمان ئىككىگىلاردا، مېنى مۇشۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالسائىلار، ـــ دېدى ۋە چېكىسىدىكى ھىلال ئايسىمان تاتۇقىنىمۇ كۆرسەتتى.

سابىق خەۋپسىزلىك كومىتېتىدا كىشىلەرنى زومبىيغا ئايلاندۇرىدىغان ئۇسكۇنىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەر ئاڭلىنىپ تۇرغان بىلەن ئۇنى ئىسپاتلاشقا ئۇ چاغدا ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى. كېيىن موسكۋادىمۇ ئادەمنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى بويسۇندۇرۇپ، روھىنى قامال قىلىدىغان جىنايى مەركەزنىڭ بار ئىكەنلىكى توغرىسىدا «ياشلار ئىتتىپاقى ھەققىدە» گېزىتى ۋە باشقا چوڭ مەتبۇئاتلارمۇ يېزىشتى.

دېمەك، ماڭقۇرتلۇق بىلەن زومبىيلىق ھاياتتا يۈز بەرىدىمۇ ـ يوقمۇ ياكى خەقلەرنىڭ ئاغزىدا رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ياۋۇزلۇقنىڭ شەكلىمۇ، دېگەن سوئال ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدە قالار. بار بولسا، ئۇنىڭ تولۇق تېخنىكىسى قانداق، قېنى ئىسپاتلا، دېگۈچىلەرمۇ چىقار. ئادەمنى ماڭقۇرتقا ئايلاندۇرۇش ئۆتكەن ئەسىردە بولغان، خۇداغا شۈكۈر، ھازىر يوق. بىراق ماڭقۇرتلۇق ئىدىيىسى باشقا شەكىلدە كامالەتكە يەتكەن ھالدا مەملىكەت دەردى جىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆھبەتلەردە ئۇنىڭ چەت ـ چۆرىسىنى ئېيتىپمۇ ئۆتتۇق. زومبىيلىق ھەر خىل كىتابلاردا پات ـ پات يېزىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇنى چىنلىقتىن كۆرە، رىۋايەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردۇق ھەمدە ئۇنىڭدىن شاخلايدىغان ھاياتنىڭ ھېسابسىز مەسىلىلىرى بىلەن ئادەمزات ھاياتىغا ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتلەرنى تاللاپ چىقىشقا تىرىشتۇق. ھەئە، ئادەمزاتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى دۇنيادا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاجايىباتلارنى ياراتتى. ئۆكۈنۈشلۈك يېرى، زالىملىقتىنمۇ خالىي قالمىدى. تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلساقلا ئەسىر ئالماشقانسېرى ئادەمزاتنىڭ نەسلى بىلەن ئۇرۇقى سەرخىللىشىپ ياخشىلىنىۋېرىشى لازىم. بىراق، نېمە ئۈچۈن يەر شارىدىكى جىنايەت ئۇجۇتى يىلسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ؟

(داۋامى بار)

قازاقچە «قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە ـ زارى» دېگەن كىتابتىن

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



رەيھانگۈل بال

# بىنالىشىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي مەدەنىيىتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش



ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆي»، «بىنا» دېگەن سۆزلەر بىر - بىرىگە مەنداش بولسىمۇ، ئىشلىتىش ئورۇنلىرى ئوخشىمايدۇ. مەنداش سۆزلەر ھەر بىرى مۇئەييەن خاسلىقىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق يەنە بىرىنىڭ خاسلىقىنى يورۇتىدۇ. بىزدىكى «بىنا» سۆزى يىرىك ھەجىمدىكى بىناكارلىق ئەسىرىنى بىلدۈرسىمۇ، ئۇنى «ئۆي» دېگەن كەڭ ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. جانلىق تىلدىكى ئۆي ناھايىتى كەڭ مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. قارىماققا ئۆي كۆچۈش ئاددىيلا بىر ئىش، لېكىن بىز ئۆينى ئادەتتىكى تۇرالغۇ چۈشەنچىسىگە ئىسكەنجىلەپ قويماي، روھىيەتنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەن ماكان چۈشەنچىسىگە كۆتۈرسەك «ئۆي» ئىنسانىي مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. «ئۆي» ئىنسان شەخسىيىتىدىن مۇستەسنا ھالدا پەقەت بىر ماكان ياكى بوشلۇقتىن ئىبارەت. ئۆي كۆچۈش شەخسلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خاس بىر پائالىيەت كەڭلىكىنى قوغلىشىش، ئورگانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل دەرىجە تەقسىماتىدىن ئىبارەت. بىنالىشىش كىشىلەرنىڭ پائالىيەت كەڭلىكىنى قوغلىشىشتىن پەيدا بولغان.

بىزدە ئەزەلدىنلا ئائىلىلەر بالا بېقىش، ئائىلىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. شۇنداقلا بۇ ئاياللارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك شەرەپلىك بۇرچى، ياخشى ئايال بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئادەتتىكى ھويلا - ئاراملىق ئۆيلەرنى ئاساس قىلغان، ئاياللارمۇ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى ئائىلە ئاياللىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆي تازىلاش، كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، بالا بېقىشتىن سىرت، يەنە ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى، كۆكتات، گۈل ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئائىلە ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى قاتارىدا ئېلىپ باراتتى. تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا قويۇلغان تەلەپلەر ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىرخىل بېسىم پەيدا قىلدى. بىنا ئۆي بولسا ئاياللارنىڭ بېسىمىنى زور دەرىجىدە يېنىكلەتتى. ئائىلە ئىشلىرىدا نۇرغۇنلىغان قولايلىق شارائىتلارنى ئېلىپ كەلدى. مەيلى تاماق ئېتىش، ئۆي تازىلاش، كىر يۇيۇش قاتارلىقلاردا پاكىز، يىغىنچاق، تېز بولۇپ ۋاقىتنىمۇ زور دەرىجىدە تېجەپ قالدى.

بىر جىددىي خىزمەت قىلغان كىشىلەر روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە چارچايدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۆيىگە قايتىپ، پاكىز، ئازادە ۋە چىرايلىق بېزەلگە خىلۋەت ئۆيىنى تاپقاندا ئۆز ساپاسىغا بېقىپ بىر كىشىلىك ئىنسانچىلىقنى ئارامغا چىقىرىدۇ. كىشىلەر ئۆزىگە مەنسۇپ دەپ قارىغان بۇ ماكاندا ئۆزىنىڭ ئۇتۇق ۋە سەۋەنلىكلىرىنى، ئازاب ۋە خۇشاللىقلىرى ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىشقا، ئائىلىنىڭ ئىللىق مېھرىدىن بەھرىلىنىشكە، بالىلىرىنى ھىدىلاشقا ئۈلگۈرىدۇ ـ دە، بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقى ئاللىقاياقلارغا يوقىلىدۇ.

بىنالىشىش كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر. بىنالىشىش كىشىلەرنىڭ ماددىي كەڭلىك قوغلىشىشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەنىۋى كەڭلىك قوغلىشىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

يېزا قىشلاقلاردىكى زىيالىيلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ، تاۋار ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، پەرزەنتلىرىنى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە قىلىش، ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپ مۇنتىزىم تەربىيە ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، شەھەرگە يۈزلەنمەكتە. بىنالىشىش ھادىسىسى يالغۇز پەرزەنت تەربىيىلەشتىلا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بىر قىسىم ياش ئاتا ـ ئانىلارغا نىسبەتەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كەڭ پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي مۇھىتىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەر، ئەسلىدىكى ھويلا ـ ئاراملىق ئەنئەنىۋى ئۆيلەرنى تاشلاپ، قەۋەتلىك بىنالارغا كۆچۈش. نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئۆي بېزەش قاتارلىقلار گەرچە شەھەر ئاھالىلىرى ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەنلىكىنىڭ بېشارىتى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھادىسە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىدە قىسمەن مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى يىللارغىچە قورۇ ئىگىلىكى ھەر بىر چوڭ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ھۇجەيرىسى بولۇپ كەلدى. چۆللۈكلەر بىلەن قورشالغان ھەرقايسى بوستانلىقلار، قويۇق دەرەخلەر، ئېقىن سۇلار، ئۆم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن قاپلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى قورۇلارمۇ باغلار بىلەن قاپلانغان. ئۇيغۇر قورۇلىرى خىلمۇخىل نەقىشلىك، دەرۋازا، پىشايۋان، ئايۋان، ساراي، ئوغۇل ـ قىزلار ئۆيلىرى، قازناقلار بىلەن بىر يۈرۈش قىلىنىدۇ. بەزى قورۇلار بالىخانا ئۆيلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىناكارلىق بىر مىللەتنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مۇجەسسەم سەمەرىسى. يۇقىرىقى خاسلىقلار ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئۆزگىچىلىك كۆپ قاتلاملىق دىنىي مەدەنىيەتنىڭ بېيىتىشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇستەقىل ئېستېتىك ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى پەقەت قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ۋە بىر قىسىم ساياھەت رايونلىرىدىنلا كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ساقلانغانلىرى ئىنتايىن ئاز. ھازىر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلاردا ئولتۇراق ئۆيگە نىسبەتەن يېڭى تەلەپلەر پەيدا بولدى. يېزا قىشلاق ياكى شەھەرلەردىكى بىنا ئۆيلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە يىغىنچاق، رەتلىك بولۇشىلا كۆزدە تۇتۇلۇپ، مەزمۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلماقتا. بۇ ھال بىنالىشىشتا تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، گەرچە بىنالىشىش ھادىسىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىپ ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، تاۋار ئۆيلەردە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بەك گەۋدىلىك ئەمەس. بۇ بىر چوڭ كۆلەملىك ستىخىيىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان پىلان بولغانلىقتىن، ھازىر تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ تولۇق گەۋدىلەنمەسلىكى تۈپەيلىدىن تېخى بۇ مەسىلىلەر مۇكەممەللىشىپ ئوتتۇرىغا چىقمىدى. شۇنداقلا، يەنە سىرتى بىر خىل شەكىلدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىچى خىلمۇخىل بېزىلىدىغان، ئۆي ـ جاھازلىرىمۇ مىللىي خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئالاھىدىلىكنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ ھال 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەدىمىي شەھەرلىرىمىزدىكى ئەنئەنىۋىلىك، زامانىۋىلىشىشكە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە باشلىدى. ئۆيلەردىكى بوشلۇقلارنىڭ ئەنئەنىگە يات رەۋىشتە ئۆزگىرىپ بېرىشى، كوچا رەستىلەرنىڭ بازار مەنتىقىسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇشى، قىشلاق ۋە يايلاق مۇھىتىدىكى ئىگىلىك ۋە كەڭتاشچىلىقتا ئادەت-

لەنگەن ساددا، مەرد، سېخىي كىشىلەرنىڭ پائالىيەت شەكلىنى ئۇسلاھ قىلىۋەتتى.

بىز قايسىبىر يېزا ـ قىشلاققا بارمايلى، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ، ئازادە، ھويلا ـ ئاراملىرى پاكىز تازىلانغانلىقىنى، قورۇ تاملىرى ئادەتتە كېسەك تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، باغ ـ ھويلىلىرىنىڭ شېرىن شەربەتلىك مېۋىلەرگە تولغانلىقىنى، باغلاردا مېۋىلەردىن باشقا كۆكتات، گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇراق چاچقانلىقىنى، ئېغىل ـ قوتانلاردا قوي، كالا، توخۇ، توشقان دېگەندەك ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بېقىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاددىي ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ بىر قىسمى. بىنا ئۆيلەر پاكىز، رەتلىك، چىرايلىق بېزەلگەن، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى، چىملىق، راۋاق ۋە تاش ماتېرىياللار بىلەن ئالاھىدە لايىھەلەپ ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئۆزى قول سېلىپ ياسىمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھوزۇرى ئوخشىمايدۇ. يۇقىرىقىدەك ئائىلە ئىگىلىكى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر خىل ئارام بەخش روھىي گىمناستىكا بولۇپ، روھ ئاشۇ يول بىلەن راھەتلىنىدۇ. ئۆز ئەجرى ئەمگەك مېۋىلىرىدىن بەھرىلىنىدۇ. بىنا ئۆيلەردە بولسا بۇنداق ئىمكانىيەت يوق بولغاچقا، بۇ خىل ئەنئەنىۋى روھ ئوزۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتى چەكلىك.

بارلىق ئورۇق ـ تۇغقانلار يىغىلىشىپ توي ياكى نەزىر قىلغۇچىنىڭ ئۆيىدە ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەش، كۆڭۈل سوراش قاتارلىق پائالىيەتلەردە جەم بولىدۇ. بۇنداق ئىشلاردا بىنا ئۆي جەمەتى كۆپرەك كىشىلەرگە تارچىلىق قىلغاچقا، تاماق ئېتىش، مېھمان كۈتۈشلەرگە ماس كەلمىگەچكە، كىشىلەر ئامالسىز رېستوران ـ مەرىكە زاللىرىغا ئاپىرىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

قوشنىدارچىلىق ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ياخشى بىر ئەنئەنىۋى ئادەت. يېقىن قوشنىلار ئۆزئارا ئاش ـ تاماق سۇنۇش، ئېلىم ـ بېرىم قىلىش، بىر ـ بىرىنىڭ ھال ـ دەردىگە يېتىش، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىپ پاراڭلىشىش، مۇڭدىشىش ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىناق ئۆتۈشۈپ، دوستلۇق ۋە ئۆلپەتچىلىكنى كۈچەيتەتتى. ئۆزئارا ئىجتىمائىي بىلىم ۋە تۇرمۇش قارىشىنى چوڭقۇرلاشتۇراتتى. تىرىكچىلىك تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، ئۇمىدۋارلىقنى ۋە ئىشەنچىسنى ئاشۇراتتى ۋە شۇ ئارقىلىق روھىي ئازادىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى. كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەھەللە تۇرمۇشىدىن ئېگىز بىنالىق تۇرمۇش ھالىتىگە ئۆتۈش نەتىجىسىدە بۇ خىل قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. يەنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يېقىن قوشنىلارمۇ ئاش ـ تاماق سۇنۇشمايدىغان، كىرىش ـ چىقىش قىلىشمايدىغان، ئۆيىدە يالغۇز ئۆچى سىقىلىپ بۇرۇختۇم بولغان ئەھۋالدىمۇ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بار بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىدەك سەممىيلىك، قىزغىنلىق ۋە تەبىئىي مېھرىبانلىقنى تاپماق تەس. قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەڭشەپلا قالماستىن، ياشانغانلار ئۆزئارا كۆپرەك مۇڭدىشىپ بەرسە، كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇپ تەن ـ ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشقىمۇ پايدىسى بار.

ھەممىمىزگە مەلۇم، بالىلار كەلگۈسىنىڭ ياراتقۇچىلىرى، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ، ياخشى تەربىيىلەش، يارامىلىق ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچى. شۇنداق بولغاچقا، ھازىرقى جەمئىيەتتە نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ھەتتا يېزىلاردىكى بىر قىسىم زىيالىيلارمۇ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۆزلىرى جاپا چەكسىمۇ، بالىلىرى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىماقتا. بۇ بىر ياخشى يۈزلىنىش، بالىلار قانچە بالدۇر شەھەر مۇھىتى بىلەن تونۇشسا، ئۇلار تەربىيىلىنىش مۇھىتى جەھەتتە شۇنچە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالايدۇ. ئەمما بۇنىڭ يەنە بىر ئەكس تەسىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىشىغا، تەبىئەتنى تونۇشىغا تەسىرى بولىدۇ. شەھەرلەردىكى ئېگىز بىنالارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاسمان ۋە كۈن نۇرى بارغانسېرى قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. راسا قېيىغتىپ يۈگۈرگىدەك كەڭ مەيدانلارنى تېپىش ئاسان ئەمەس. بۇ خىل مۇھىتتا ئۆسكەن بالىلارنىڭ كۈنلىرى تېلېۋىزور كۆرۈش ياكى ئويۇنچۇق ئويناش بىلەن ئۆتىدۇ. غۇر ـ غۇر شامال، چەكسىز دالا، تۇرنىلار سېپى، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، پاقىلار ۋە بىلبىجانلار ئۈزۈۋۈپ يۈرگەن كۆل سۈيى، يېشىل مايسىلار دولقۇنلاپ

تۇرىدىغان سالا ئېتىزلار، بىر قېتىملىق ئايدىڭ ناخشىلىرى، ئاپتاپتا تاۋلىنىپ، ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ئۇلار ئۈچۈن يات. شەھەر باللىرى زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن توك ياكى باتارىيىدە ھەرىكەتلىنىدىغان ئويۇنچۇقلارنى كۆپ ئوينىغاچقا، مىخايىنىڭ تۇيغۇ كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يېزا باللىرى قوي، كالا باقىدۇ. كەپتەر، توخۇلار بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ئوت ئوينايدۇ. زېمىنغا بىۋاسىتە ئۆز تاپىنى بىلەن دەسسەيدۇ. دېمەك، تەبىئەت بارلىق ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئارقا تىرىكى باللار شەھەرنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدا قانچىلىك سۈپەتلىك مەكتەپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، شارائىتى ياخشى تەجرىبىخانىلارنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغىنى بەرىبىر چەكلىك. ئۇلار نوقۇل پەننىي ئۇقۇملار ۋە قائىدىگە تايىنىپلا يېڭىلىق يارىتىش ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بەلكى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئانا تەبىئەت دەل مول تەسەۋۋۇرنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ.

ئۆي بېزەش كىشلەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېلا قالماستىن، تۈگىمەس جېدەل ـ ماجىرالارنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئۆي بېزەش قىزغىنلىقى نۆۋەتتە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدە ئەۋج ئالماقتا. ئۆي بېزەش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. چىرايلىق، ئازادە بېزەلگەن ئۆي بىزگە ئارامبەخش تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنسانلار تاغ ئۆڭكۈرلەردىن غارلارغا، غارلاردىن گەمىلەرگە، ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە، ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى. بەزى يول تاپقان كىشلەر ئۆيىنى تۈركىيىچە، گېرمانىيىچە، ياپونىيىچە بېزىمەكتە. كىشلەر ئارىسىدا ئۆي بېزىگەندىن سىرت يەنە سورۇنلاردا ماختىنىشىپ ئۆزىنىڭ ئۆي بېزىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش سۆز تېمىسى بولۇپ قالدى. بەزىلەر ئۆز ئۆيىنى 30 مىڭ 40 مىڭ يۈەنگە بېزەتكەنلىكىدىن ماختىنىپ مەنمەنچىلىك قىلىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئۆز ئائىلىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئائىلە ئىناقلىقىنى بۇزىدىغان ئىشلار كۆز ئالدىمىزدا ساقلانماقتا.

نۆۋەتتىكى، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئۆي سېلىش ۋە بېزەش ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىرى سېتىۋېلىش، سۇلياۋ پول ياتقۇزۇش، تام قەغىزى ۋە خىمىيە تالالىق گىلەم، تام سىرلاش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. سىرتتا خىزمەت قىلىدىغانلاردىن باشقا كۆپ ساندىكى كىشلەر ھەر كۈنى تەخمىنەن 90% ۋاقتىنى ئۆيدە ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۆي ئىچىدىكى ھاۋانىڭ سۈپىتى سالامەتلىككە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆي جاھازلىرى بىلەن بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرى ئۆي ئىچىنى بۇلغىغۇچى ئاساسلىق مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئۆي جاھازلىرى، گىلەم، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېقىلغۇلارنىڭ كۆيۈشى، تاماكا چېكىش، گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆپ مىقداردىكى فورمالدېگىد دېيىلىدىغان بىر خىل زەھەرلىك خىمىيىلىك ماددىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تورالغۇ ئۆي ئىچىدىكى فورمالدېگىدنىڭ قويۇقلۇقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئالتە ـ يەتتە ھەسسە ئېشىپ كېتىدىكەن. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، فورمالدېگىدنىڭ ئادەم تېنىگە بولغان تەسىرى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدىكەن.

1) يېقىن مەزگىل تەسىرى: فورمالدېگىدنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ھەر كۇب مېتىردىكى مىقدارى 1.0mg بولغاندا غەلىتە پۇراق ۋە ئارامسىزلىق سېزىمى بولىدۇ. ھەر كۇب مېتىردىكى مىقدارى 5.0mg بولغاندا كۆزنى غىدىقلاپ كۆزدىن ياش ئاققۇزىدىكەن. 6.0mg بولغاندا بولسا، كېكىرتەكنى بىئارام قىلىپ، ئاغرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. قويۇقلۇقى يۇقىرى بولغاندا باش ئاغرىش، باش قېيىش، نەپەسلىنىش قىيىنلىشىش، يۆتەل ۋە دېمى سىقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

2) ئۇزاق مەزگىللىك تەسىرى: بۇ ئىرسىي تەسىرى بولۇپ، راك پەيدا قىلىش، ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئۇزاق مەزگىل ئاز مىقداردىكى فورمالدېگىد بىلەن ئۇچراشقاندا يەنە نەپەس يولى كېسەللىكى، ئاياللاردا ھەيز قالايمىقانلىشىش، ھامىلدارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى، يېڭى تۇغۇلغان باللاردا بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. فورمالدېگىدنىڭ ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا بولغان زىيىنى كىشلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئامېرىكا دۆلەت مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەركىبىدە كۆپ مىقداردىكى فورمالدېگىد بولغان بېزەش ماتېرىياللىرى بىلەن كونا ئۆيلەرنى بېزەشنى 70 ـ يىللاردىلا چەكلىگەن ئىكەن.





# زىياپەت ئۈستىدىكى ئاشلار







باتىگۈل قاسىم تۆربەگ

ئوتتۇنقالار ناھىيە، توغراقكېسەر يېزا، پاخالپاسار كەنتىدىكى ئوچاق خېنىم ـ چويۇن مەخسۇمنىڭ ئامراق رەپىقىسى مىسكەر ئايىمنىڭ بىردىنبىر قېرىندىشى قازان غوجىنىڭ ئىشقىدا تولا كۆيۈپ قازان غوجىنىڭ باغرىنى قارايتىۋەتتى. قازان غوجامۇ كۆيۈك دەردىگە پايلىماي يېگى سۆيگىنى قاسقان خېنىمنىڭ ئىشقىدا ئوتتەك قىزىپ، بۇ قەدىناس ھەمرىيىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئىش ـ پەش تارتىپ يۇرۇۋەردى. قازان غوجىنىڭ ھىيلىسى كۆپ ئىدى. شۇڭا قاسقان خېنىمغا باغرىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن، ئوچاق خېنىمغا باغرىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن ئورۇن بەردى. ياخشى سۆز قۇلاققا ياقمايدىغان، پىتنە ـ پاسات داۋان ئاتلايدىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قازان غوجىنىڭ غوجىلىرى زىياپەتكە تەييارلىق كۆرۈۋاتقانىدى. مانا زىياپەت تائاملىرىنىڭ ئالدى تارتىلىشقا باشلىدى. قازان غوجا بارغانسېرى جىددىيلەشكىلى تۇردى. چۈنكى ئۇ «ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىگەننىڭ چاترىقى يىرىلار» دېگەن ناخشىدىن بەك بىزار ئىدى. بۈگۈنكى زىياپەتتە بۇ ناخشا يەنە ئوقۇلدى، قازان غوجىنىڭ قۇلاقلىرى قىزىپ، قىزىل، يېشىل ئۇچقۇنلار تۈكلۈك مەيدىسىگە تەپچىپ چىقتى. ئاتىسىنىڭ كۆكرىكىدە نامايان بولغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەن زىلۋا بويلۇق چوكا خانقىز بىلەن ئوغلى كەپكۇر پاناق بۇنىڭ سەۋەبىنى مەخپىي سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈۋىدى «ئاسماننىڭ كۆزى بار، يەرنىڭ قۇلىقى» دەپ قازان غوجىنىڭ ئۇجمە كۆڭۈل، پوكان مىجەزلىكىنى تۆۋىنى ئوتتۇن قاس ـ قاستىن، يۇقىرىسى چاقماق پىس ـ پاسقىچە ھەممىسى بىلىدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ ئىش تولغۇلۇق كەپكۇر پاناق ئۆزى بىلەن بىر سېختا ئىشلەيدىغان لېگەن ئايپاڭغا، چوكا خانقىز سۆيگىنى لەغمەن باپكارغا مەسلىھەت سالدى. لېگەن ئايپاڭ رەندە سالغان تاختىدەك سىيلىق كاسىسىنى شىرەگە چاپلاپ ئولتۇرۇپ ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە لەغمەن باپكار ئەۋرىشىم بويلىرىنى تولغاپ تىترەپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ــ كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. چوكا خانقىز ئاتىسىنىڭ ئىشىغا رەنجىگىنى بىلەن ئۆزىمۇ بىر ئۇجمە كۆ-

گۈل، «ھە ـ ھە» دە بار، ھەمدەمدە يوق. مېنى ئاچچىق ئۈچەي يوللىرىدا سەرگەردان قىلغانمۇ شۇ، سۇ ئۈزۈش كۆلدە ئەركىن يايراپ يۈرگىنىمدە مېنى چويلا سەگەنچۈككە ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، 32 چىشلىق جادۇغا تاشلاپ بېرىپ، قېچىپ كەتسەم ئىتتىرىپ دۈشكەلەپ دىلىڭ ـ دىلىڭ سومەندەك قىلىۋەتكەنمۇ شۇ، ھېم، قازان غوجا ھەرھالدا ئۇنىڭدىن ئىنساپلىق.

لېگەن ئايپاڭ ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

—كەپكۈر پاناق بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۇسۇش ـ تۇشۇش سېخىدا ئىشلەۋاتقىنىمىزغا ئون يىلدىن ئاشتى. سىلەر قىسىپ ـ تىقىش، سېستىش سېخىدىكىلەردەك جاڭجاللىشىپ ئىختىلاپ قىلىشمايمىز، سىلەر ياشلار بىزنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇش پرىنسىپىمىزدىن ئاز ـ تولا ئۆگىنىڭلار، مەن قاسقان خېنىمنىڭ تەربىيىسىدە پىشىپ يېتىلگەن پېتىر مانتا ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرىنى داستىخان مەيدانىغا ئېلىپ چىقماقچى. مەن ئۆز ئىشىمغا مېڭىۋېرەي، بۈگۈن لەغمەن باپكار دەم ئالغان. ئۇنى ئاۋارە قىلماي ئۆز ئەشىڭلارغا پۇختا بولۇڭلار... لېگەن ئايپاڭ شۇنداق دېگىنىچە ھورى ئۆرلەپ تۇرغان ھور نان، پېتىرمانتا، يۇتازىلارنى مۇزدەك باغرىغا مەھكەم تېڭىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. بىچارە كەپكۈر پاناق ھەمىشە مالايلىق بىلەن ئالدىراش ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ تۇزۇككىنە بىلىمى ياكى ياخشىراق ھۈنىرى يوق ئىدى. مانا مۇشۇنداق سورۇندا ئەڭ ئەتىۋارلىقى يەنىلا دۇنيا بويىچە سېلىقتا داڭقى چىققان تۆمۈر چوققا، شىخو، ئىلى قاتارلىق جايلاردا نەچچە ئون نىكاھلىق بولغان نى ـ نى ئاقىللارنىڭ ئەقلىنى لال، زېرەكلىكىنى گال قىلىپ، خۇشامەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن ئىلىمنىڭ تۇنجى ئاشنىسى مەككار جۇۋان «شاراب» شاتراق ئىدى، كەپكۈر پاناق ئۆزىنىڭ مېھمانخانىغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە سىڭلىسى چوكا خانقىزنىڭ قۇلاقلىرىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئۇنى خام سەي خېنىم ئولتۇرغان تەخسە گىرۋىكىگە قوندۇرۇپ مېھمانخانىغا كىرگۈزۈۋەتتى. شۇ تاپتا زىلۋا بوي چوكا قاسقانغا ئېلىپ كەلگەن مانتا، يۇتازىلارنى قانداق رەسۋا قىلىشنى ئويلىشىۋاتقاندا ئۇلار تەپتارتماي، چوڭ سورۇندا يۈزلىرىگە ئەڭلىك، لەۋلىرىگە سۇرۇخ سۈرۈپ 1000 خىل جىلۋە ـ ناز بىلەن ئىشتىھا چېگرىسىنىڭ قاراۋۇلىنى بىھوش قىلىپ تاشلىدى. شۇ ھامان نەپسى دەللال سەۋر ئامبالىنى ھېيلە ـ مىكىر قارمىقىغا ئىلىندۇرۇپ، ئىشتىھا نەغمىسىنىڭ يېڭى ئىجاد بولغان غالدۇر ـ غۇلدۇر مەرغۇلىغا كۈي ـ قوشاقلارنى ياڭرىتىۋەتتى. قاسقان خېنىم ئاشخانا دېرىزىسىدىن جامالىنى سىڭايان قىلىپ داستىخانغا تىزىلغان يۇتازا، مانتىلارغا بىر نەزەر تاشلىدى ـ يۇ، پەخىرلىنىش ئىچىدە ھاياجىنىنى باسالماي پەشخۇن ئۈستىدىن ئۆزىنى قازان غوجىنىڭ باغرىغا ئاتتى، كۈندەشلىك ئوتىدا كۆيۈپ كېتىۋاتقان ئوچاق خېنىم ھاياسىز قاسقانغا قاراپ مۇنداق نەزمە توقىدى:

مەن «قازان» دەپ، كۆيسەم يىغلاپ باغرىمنى كاۋاپ قىلىپ،
نەدىن كەلگەن نومۇسسىز سەن يۈز ـ كۆزۈڭنى داپ قىلىپ.

قاسقانمۇ بوش كەلمىدى:

قازاننىڭ جۆپىنى بىل، بىئەقىل قاسقان،
سەن يۈزسىز قازاننى مەندىن ئېپقاچقان.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن دە ـ تالاش بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە زىلۋا بويلۇق چوكا ئەۋرىشىم مېھمانخانىدا مانتىلارنىڭ ئىچ ـ باغرىنى، ھور نان ۋە يۇتازىلارنىڭ رومال سەللىلىرىنى چۇۋۇپ، بارسا ـ كەلمەس ئۆڭكۈرگە تىقىۋەتتى. ھور نان بوۋاي بىلەن مەرھۇم يۇتازا ھاجىم يۇرتى ھامدىكى غىزا ئەربابلىرىنىڭ ئىچىدە مۆتىۋەر كىشى بولغاچ، شاھى پولوخانمۇ ئۇلارنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلار كامىل تەقۋادارلارنىڭ قاتارىدا خۇدانىڭ دەرگاھىدا شەھىدلىك دەرىجىسىنى تاپتى. بىچارە چۆچۈرە ھاجىخېنىم بىلەن بىر تەبىقىدىن بولغاچقا، يۇقىرىقى ئېچىنىشلىق ھالەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ دەلدەڭ قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، كۆزلىرىنى ياغ سالغان چايدەك پارقىرىتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەققىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق سۆزلەپ كەلسەم، بۇ مانتا شاتراقنىڭ كىچىككىنە باغرىغا ئىزباسار تالىپ پىياز قارى، ئاقمۇش پەشۋا، زىرە ئاغچا، قارىمۇش لەقۋالارمۇ پېتىپ كەتكەنىدى. چوكا خانقىز خام سەيخانىنىڭمۇ ئىچكى ئەزا بۆلۈمىنىڭ ئۈچەي لىنىيىسىگە كەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئۆز غەلبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ، تەخسە خۇشامەتچىنىڭ ئىككى بىقىنىغا چېكىپ دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشكىلى تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، داستىخان مەيدانىغا داۋانچىڭلىق ئىككى يۈزلىمە تاۋۇز ـ

جان بىلەن شېرىن ـ شېكەر قوغۇنخانمۇ قوشۇلدىن ئالا-
ھىدە ئىشتىراك قىلدى. گۈلنىڭ تىكنى بولغىنىدەك بۇ-
لارنىڭمۇ بىر كۆشەندىسى يېڭىساردىن ئالاھىدە كەلتۈ-
رۈلگەن بولۇپ، مۇبارەك ئىسىم ـ شەرىپى خەنجەر ئىدى.
ئۇ ئىلگىرى قايسىبىر سورۇندا قانلىق ۋەقە سادىر قىلىپ
ئاسما يامۇلغا ھەپسىگە ئېلىنغان پىچاق دورغىنىڭ چوڭ
ئاكىسى «ئەسۋابۇل شەمشەر» جەمەتىنىڭ بىردىنبىر نو-
پۇزلۇق ئىز باسارى ئىدى. خەنجەر غىلاپ ئوردىسىدىن
مۇنداقلا بىر قىمىرلاپ قويۇۋېدى، ئاتىسىنىڭ قانداق ۋا-
پات بولغانلىقى ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن بە-
چارە تاۋۇزجان يۈملىغان پېتى داستىخان مەيدانىــــنىڭ
ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن ئاستىنقى قەۋىتىگە چۈشۈپ كېتىپ،
ئوتقاشتەك گۈزەل خوتەن گىلىمىنىڭ يۈزىنى بۇلغىۋەتتى.
خەنجەرنىڭ قۇلاق ـ بۇرنىنى كېسىپ تاشلىشىدىن قورقۇپ
كەتكەن تاۋۇزجاننىڭ ئاقىۋىتى مانا ئەمدى ئېشــەك بېـ-
زەڭگە يەم بولۇش بىلەن ئاياغلاشتى. قوغۇنخان بولسا
قىلچە تەمتىرىمەي نازۇك تەنلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ، خەنـ-
جەرنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە مەنسىتمەسلىك نە-
زىرىدە قاراپ قويدى. خەنجەر بۇ قۇمۇللۇق ئىززەت ئە-
گىسىگە يېقىنلاشقاندا قوغۇنخان غەزەپتىن ۋارتىتىدە يېرد-
لىپ كەتتى. بۇنى ئالاھىدە مەسئۇلىيەتچانلىق دەپ بىلگەن
خەنجەر مىننەتدارلىق بىلەن ئاستا بېرىپ غىلاپ ئوردد-
سىغا كىرىپ كەتتى. سورۇن ئەھلىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگە-
شىپ نازۇ نېمەتلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. سەۋر ئامبال
ھەپسىدە ئىشتىھا نەغمىسى ئەۋجىدە تۇرغان مۇشۇ پەيتتە
كۆك شىشىدەك سۈزۈك يۈزلىرىنى پارقىرىتــىپ سورۇن
ئەھلىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋاتقان تۇرپانلــىق
ئۈزۈمخان ھام ـ ھام دەرۋازىسىنىڭ قاراۋۇلى ھىڭگاڭ
چىشقا ھەدەپ خۇشامەت قىلىپ كىرىشكە ئىجازەت سو-
رىماقتا ئىدى. ئۆچرەت تۇتۇشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئە-
كەنلىكىنى ھېس قىلغان زەرەپشانلىق قىزىل چاي ھىڭگاڭ
چىشتىن رۇخسەتسىز ئۆز ئىشقى ـ پىراقىدا كۆيۈپ يۈر-
گەن كاناي بىلەن قىزىلئۆڭگەچكە نەزەرمۇ قىلــماي،
غورتىلداپ كىرىپ كەتتى ـ يۇ، سۈيدۈڭگە كەلــگەنــدە
چېگرىدىن ئۆتەلمەي غولدۇرلىغىنىچە تــۇرۇپ قــالــدى.
چۈنكى بۇ يەردىمۇ ئاز ـ تولا كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.
ھېچبولمىسا ئىشىسزلار گۈۋاھنامىسىگە ئېپار ـ زەپەر ئاھ-

بىرىنىڭ «كېرەكسىزلەر» تامغىسى بېسىلمىغۇچە ساقلىماي
بولمايتتى.

جاھانغا داڭقى كەتكەن قەشقەرلىك ئانارخان ئۆزىنىڭ
تېخىچە ئۆچرەتتە تۇرغىنىغا غەزەپلىنىپ ۋارتىتىدە يېرىلىپ
جان ئاچچىقىدا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى. ھەرقاچان تەخ
بولۇپ تۇرغان بوينى يۇمشاق چاكار قەغەز قولياغلىق
ئىستاكاندىن تاققىدە سەكرەپ چۈشۈپ ئانارخاننىڭ دۇر-
دانىلىرىنى سىپاپ سۈرتمەكچى بولغانىدى، ھىڭگاڭ قا-
راۋۇل ئوتتۇز ئىككى نۆۋكەرلىرى بىلەن ئاستــغــا ھــەم
ئۈستىگە قارىتا يالماپ يۇتۇش چارىسى ئىشلىتىپ قىزىل-
كۆزنىڭ ھىمايىسى ئىچىدە ئانارخاننىڭ كىيىملىرىنى سال-
دۇرۇپ ئۇنى خاملا يەۋەتتى، بۇنى كۆرگەن غۇلجىلىق
ئالمىخان ۋە كورلىلىق نەشپۈتجانلارمۇ بىر ـ بىرىــنىڭ
بېقىنلىرىغا دۈشكەلىشىپ ھام ـ ھام دەرۋازىسىدىن سەد-
دىچىن سېپىلىنىڭ يوللىرىدەك ئەگرى ـ توقايلىقىغا قاراپ
شۇڭغۇدى.

—ۋايجان،—دېدى ئالمىخان نەشپۈتجانغا،—قەدىر-
لىكىم، بۇ يەر زىندانمۇ نېمە، ئەجەب قاراڭغۇكەن.

—ياقاي،—دېدى نەشپۈتجان،—بىز يولغا چىققاندا
توك كەتكەن بولۇشى مۇمكىن... ئەمدىلىكتە شىخەنزىدىن
كەلگەن نازۇك مېھمان شېكەرگۈل ئۆزىنى ئارتۇقچە مېھ-
مان ھېسابلاپ قالدى بولغاي، ئۆزىنى تاشلاپ ھام ـ
هامدىن تەنھا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان زەرە پشانلىق دوستى
قىزىل چايدىن رەنجىپ، ھۇجرىسى پىيالىگە كىرىپ، ئاد-
دىي ـ ساددا دوستى داغ چايغا ئىچ ـ باغرىنى تۆكۈپ ئې-
رىپ كەتكۈچە يىغلىدى، داغ چاي دوستىغا ھەمدەمدە
بولۇشنى ئويلاپ، ئالدى بىلەن ھىڭگاڭ چىشقا پارا بې-
رىشنى قارار قىلدى ۋە ئالىي دەرىجىلىك چىش پاستىسى
بىلەن چوتكا مالايىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆچرەت ساقلىدى.
بۇنى كۆرگەن قىزىلكۆز كۆزلىرىنى شورپىنىڭ سۈيىدەك
پارقىرىتىپ ھىڭگاڭ چىشقا كۆز قىستى، بۇنداق مەنىلىك
تەبەسسۇمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھىڭگاڭ
چىش ئوبدان بىلەتتى. كۆپ ئۆتمەي شىخەنزىلىك شې-
كەرگۈل سۈيدۈڭگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەپسۇس، رە-
قىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپ قالدى. زەرەپشانلىق قىزىل
چاي داغ چاينى كۆرۈپ غالدىر ـ غۇلدۇر قىلغىلى تۇردى.
قورساق باداڭمۇ بوش كەلمەي ئالدىغا كەلگەننى قاچىلا-

ۋىرىپ بارغانسېرى غادىيىشقا باشلىدى. ئاخشاملا تېخى بېگىز بەزگەكنىڭ بەزگەك كېسلى قوزغىلىپ قېلىپ، كەمەرلىكتاسمىنىڭ يۈرىكىنى داغلاپ ئون يەردىن تۆشۈك ئېچىپ، ئىككى تۆشۈكنى 12 قىلىپ كۆپەيتىپ قويغانىدى. بولمىسا بۇ كەمەرلىكتاسما تاسمىدەك سوزۇلۇپ بولغۇچە كۆيتۈگىدىن بوران كېلىپ ئاچماق خالتىنىڭ مەركىزي كوچىسى قۇيۇندا قېلىشى ياكى كەمەرجاننىڭ ھالقىلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. مانا ئەمدى سورۇنغا شىخودىن قەدەم تەشرىپ قىلغان پىۋا سۆيگىنى كەيپ دىۋىسىنى باغرىغا بېسىپ سۇر ـ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلدى. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ قاراسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇپ ھېسسىياتىنى شالغۇتلاشتۇرىدىغان، ئەقلىنى كۆيدۈرۈپ، غۇرۇرنى ئۆلتۈرىدىغان بىر قانچە دوستلىرى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن سورۇنغا كىرىپ كەلدى. شۇ ھامان سورۇندىكى ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قىرغىنچىلىق ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەپسىر ـ تەرغىبلىرى بىلەن كەسكىن قارار چىقاردى.

شەرىئەت ھۆكۈمى شۇدۇر. گۇناھ ئاتلىق مەلئۇننىڭ ئانىسى بولغان بارلىق شارابى مەخلۇقلار سورۇندىن سۈرگۈن قىلىنسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن جېدەل ۋە ئارازچىلىقنىڭ ساختىلىق ۋە خۇشامەتچىلىكنىڭ سەۋەبكارى بولغان بۇ «پاكار»لارنى داستىخانغا ئېلىپ كىرىپ مەۋجۇتلۇقىنى يوقلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغانلارنىڭ بارلىق ئىچكى قۇرۇلمىسى شەيتانغا ئەۋرىشكە سۈپىتىدە تەجرىبە قىلىنىپ توڭلىتىش ساندۇقىدا توڭلىتىۋېتىلسۇن! زاتى مۇبارەك ئۆلىمالارنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن زىياپەت نېمەتلىرىنىڭ موللۇقىدىن قورسىقى تويمايۋاتقان بىلىكى كۆتەك، بىلىمى پۇچەك، ئۇچىسىدا شاي ـ يىپەك بار بىراۋلارنىڭ ئۆرۈك قېقى يېگۈسى كېپقالدى.

يەشىك غۇلاملار دەرھال كوچاغا ئاتلىنىپ ھايال بولۇپراق قايتىپ كەلدى ۋە باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە كوچادا ئۆرۈك تولا، قاق يوقكەن. باراردا ماشىنىدا بارغان، كېلەردە قارىساق چاق يوقكەن دېگەن بانايى ـ پەتىۋانى تېپىپ كەلدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان زىياپەت ئەھلى قايتىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئالتايدىن كەلگەن ئاتالار ئۈستىگە تېگىشلىك يۈك ئارتىپ يولغا چىقتى. سورۇندىكى ئەۋۋەلەن ناھەقچىلىك ۋە ئاخىرەت ئىسراپچىلىقنى سۇرۇشتە قىلغىلى ئادەم چىغمىغاچ، زىياپەت ئەھلى بىر يىلدىن كېيىن «ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش پىلانى» تۈزۈپ چىقىشقا ۋەدە بېرىپ يوللىرىغا راۋان بولدى. راست دېگەندەك بىر يىلدىن كېيىن يېيىلگەنلەر يېيىلىپ، يېيىلمىگەنلەر ئامان بولدى. ئات ـ ئېشەكنىڭمۇ يەيدىغىنى قوغۇن ـ تاۋۇز بولماستىن، شاپاق بىلەن سامان بولدى. ئىسراپخورلارنىڭ ئاقىۋىتى قانۇن بويىچە تولىمۇ يامان بولدى. ئاشلىقلارغىمۇ بەرىكەت يېغىپ دۆۋە ـ دۆۋە خامان بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ناخشىچىلار ئېيتىدىغان ناخشىنىڭ تېمىسى «ئەجەب ئوبدان زامان بولدى» شۇنداق قىلىپ بۇ ھېكايىمۇ مۇشۇ يەردە تامام بولدى.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

## بىلدۈرگۈ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. «مىراس» ژۇرنىلىدىكى بارلىق خادىملار ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان كونا، يېڭى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سەممىي سالام يوللايمىز!

2004 ـ يىلى ژۇرنىلىمىز تېخىمۇ يېڭى قىياپەتتە سىزلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. شۇنى سەمىڭىزگە تۆۋەنچىلىك بىلەن سالىمىزكى، ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى بەش يۈەنگە، يىللىق باھاسى 30.00 يۈەنگە تەڭشەلدى. خەۋەردار بولۇپ قالغايسىزلەر. ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئۆز جايىڭىزدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولالايسىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ئۆزبېك – ئوتتۇرا ئاسىيا چالغۇسى



مۇراد ئابدۇللا مەمەتوۋ (ئۆزبېكىستان)

ئۆزبېك خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تارىخى ئۇزاق ئۆتمۈشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. قەدىمكى مۆتىۋەر مەنبەلەردە تۈركىي خەلقلەردىن ماھىر سازەندىلەر ۋە ھافىزلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى قەيت قىلىنغان. ئەرەب خەلىپىلىرى ئۆز سارايلىرىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندىن كۆپلەپ چالغۇچى ئايال ھافىزلارنى ۋە سازەندىلەرنى كەلتۈرەتتى. 7 ـ ئەسىردە مەرۋىلىك ھاپىز، سازەندە، كومپوزىتور، شائىر بەربادنىڭ داڭقى كەڭ تارالغانىدى. ئۇنىڭ ماھارىتى دېھلەۋى، نىزامى، نەۋايى ۋە فۇزۇلى كەبى بۈيۈك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مەدھىيىلەنگەن.

فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە»سىدە ھافىز بەربەدنىڭ سەنئىتىنى ماھارەت بىلەن تەرىپلەيدۇ:

سەرۋ ئۆززە بىر نەغمە تارالدى گۈزەل،
ھەر بەندى كۆڭۈلگە پەيۋەند بىرى غەزەل.
مەيىن ئاۋاز بىلەن باشلاپ خانىشىن،
ھافىز ئىپادىلەر يۈرەك يېنىشىن.

فىردەۋسى ھەتتا، بەزى كۈيلەرنىڭ نامىنى كەلتۈردۇ. «پەيكارگىرد»، «سەبزىداسەبز» كۈيلەرنىڭ ھەر بىرى مەلۇم بىر ھالەتنى ئىپادىلىشى تەسۋىرلەنگەن.

نامى بۇ ئاھاڭنىڭ «پەيكاگىرد» ئەردى،
جەڭگى ـ جېدەل سۈرەتىن ئىپادىلەرى.
ھافىز كەشىپ قىلغان ئۆردەك كۆكسىگە ئوخشاش

چىرتمە تارلىق ساز شەرقتە «بەربات» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. «بەربات»قا ئوخشىتىپ نۇرغۇن تارلىق سازلارنىڭ ئىجاد بولغىنى تارىخىي ئەسەرلەردە ئېيتىپ ئۆتۈلگەن. ئۇد سازى ھەم «بەربات»نىڭ تاكامۇللاشتۇرۇلغان شەكلىدۇر.

كامانلىق چالغۇ ئەسۋابلار ھەم قەدىم ـ قەدىمدىن مەلۇم بولغان. گېرمان مۇزىكا ئالىمى ۋېرنېر باخماننىڭ تەكىتلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا كامانلىق سازلارنىڭ ۋەتىنىدۇر.

9 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەنبەلىرىدە قوۋۇز چالغۇسى بىر نەچچە رەت تەكىتلىنىدۇ، دەپ يازىدۇ ۋېرنېر باخمان. شۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ پارس يازغۇچىسى ئىبىن خاررادادبېھ ۋە ئىككى تارلىق خەلق چالغۇ ئەسۋابى «ۋەتەر» توغرىسىدىكى مەلۇماتى دىققەتكە سازاۋەردۇر. تەخمىن قىلىشىچە، «ۋەتەر» كامان بىلەن چېلىنىدۇ. ئۇ ئەسلىدە قوۋۇز بولسا كېرەك، دېيىلگەن. دەرۋىش ئەلىنىڭ رىسالىسىدە قوۋۇزنىڭ بەكمۇ ياخشى نەغمە تارتىش ھەققىدە مەلۇمات كەلتۈرگەن. خارەزمى، برۇنى، فارابى، ئىبىن سىنا كەبى بۈيۈك ئالىملار مۇزىكا پېشىنىڭ راۋاجىغا بىقىياس ھەسسە قوشقان. ئۇلارنىڭ

مۇزىكىغا ئائىت رىسالىلىرىدە كامانلىق چالغۇلار تەپسىلىي بېرىلگەن. فارابى ئۆزى ئۇد، نەي، قانۇن (قالۇن)، تەمبۇر، غىجەك قاتارلىق سازلارنى ماھارەت بىلەن ئىجرا ئېتىپ، تىڭشىغۇچىلارنى مەپتۇن ئېتەتتى. بۇ جەھەتتە مۇزىكشۇناس ت. غوپۇربېكوۋ ئۆزىنىڭ مۇزىكىغا ئائىت بىر ئەسىرىدە قىزىقارلىق مەلۇمات بېرىدۇ. «زىننەت ـ ئەلمەجالىس» تەزكىرىسىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، فارابى رەي شەھىرىدە ساھىب ئىبنى ئاببىلا سارىيىدا بولغىنىدا ۋەزىر شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتتە ئۆزى ئىختىرا قىلغان چالغۇدا كۈي ئىجرا ئەتكەن.

تاشقى كۆرۈنۈشتىن كىچىك قاپاققا ئوخشىغان بۇ ساز غىجەك دەپ ئاتالغان. فارابى ئەنە شۇ مۇزىكا ئەسۋابىدا كۈينى قالتىس ماھارەت بىلەن چالاتتى...

تونۇلغان مۇزىكشۇناس ئالىم بېلىيېۋنىڭ پىكرىچە، تارلىق ئەسۋابلار تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن كامان شەكلىگە يېقىن تۇرغان، تانىسى ۋە دەستىسى ئېگىلگەن بولۇپ، ئۇلارغا تارىلار تاتىلاتتى. ئەنە شۇنداق دەسلەپكى چالغۇلاردا تارىلار دەستىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ تارتىلغان. ئىجرا ۋاقتىدا ئۇلار دەستىگە تەگمەيتتى. تارىلىرى ئېگىز تارتىلغان چالغۇلارغا تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ:

خۇچىن ( 胡 琴 )، خۇر (موڭغۇل)، قوۋۇز (قازاق، قىرغىز، ئۆزبېكلەرگە تارقالغان). بۇلارنىڭ ناملىرى ھەرخىل بولغان: قۇبۇس، كوئۇس، خوۋۇز. كامانلىق سازلار قاتارىدىكى قەدىمكى غىجەكتە ئىككى تاربولغان. 10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردە ئۇنىڭ نامى رېباب دېيىلگەن (ياۋروپادا رېبېك نامى بىلەن تونۇلغان).

18 ـ ئەسىر مەشھۇر سازەندىسى ۋە ئالىمى دەرۋىش ئەلى «رىسالەئى مۇسىقى» ئەسىرىدە غىجەك چالغۇسى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى (998 ـ 1030) دەۋرىدە يارىتىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، غىجەكنىڭ ئىختىراچىسى ناسىر خىسراۋ ۋە قامۇسىي ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. مۇزىكشۇناس ئالىم ئا. مەتياقوبوۋنىڭ يېزىشىچە، ئىبنى سىنانىڭ سۆيۈملۈك ئەسۋابى غىجەك بولغانىكەن. ئۇ غىجەكنى ئادەم ئاۋازىغا يېقىن تۇرىدىغان تەبىئىي ۋە قايىلماقام چالغۇ ئەسۋابى دەپ بىلگەن. پروفېسسور ف. كەراماتوۋنىڭ ئۆزبېك مۇزىكىسى ھەققىدە توختالغان كىتابىدا قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن: «بابۇرنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر سازەندىسى قۇلمۇھەممەد ئۇدى غىجەككە ئۈچىنچى تارتارتقان. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ھەم ئىككى تارلىق غىجەك، ئۈچ تارلىق غىجەك بىلەن باراۋەر قوللىنىلىپ كېلىنگەن».

ئۆز ـ ئۆزىدىن روشەنكى، ئۈچىنچى تار تۆپەيلى غىجەكنىڭ تاۋۇش ھەجمى خېلىلا كېڭەيتىلگەن.

ئۈچ تارلىق غىجەك نەۋايى دەۋرىدە ھەم كەڭ تارقالغانىدى. بابۇرنىڭ ئەلشىر نەۋايىنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى ھەققىدىكى مەلۇماتىدىن ئۇنىڭ ياخشى نەقىش ۋە پېشرەۋلەرنى ياراتقانلىقىنى بىلىمىز. نەۋايى نۇرغۇن چالغۇلاردا ياخشى كۈيلەرنى ئىجرا ئەتكەن، غىجەكنى ھەم ماھارەت بىلەن چالغان. بۈيۈك شائىر ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسىرىدە، مۇترىب ۋە سازەندىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجراچىلىق ماھارىتىگە، مۇزىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىغا يۈكسەك باھا بەرگەن. ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇرلىرىدىن شىبلى ۋە نۇرىلارنىڭ ناملىرىنى سەممىيەت بىلەن تىلغا ئالغان. دەرۋىش ئەلىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى رىسالىسىدە ماھىر سازەندە ۋە ھافىزلارنىڭ ناملىرى كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.

ئۇستاز غىجەكچى زەيتۇن ئەھمەدجان زامانىسىدا ئىجاد قىلغان ۋە پادىشاھنىڭ مەرھەمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىشلار قەيت قىلىنغان. ئۇ ھەر خىل مۇقاملارغا پېشرەۋلەر ياراتقان. جۈملىدىن، ھۆسەينى مۇقامىنىڭ نەغمىسىگە تۈزگەن پېشرەۋى كۆپچىلىكنى ھاياجانلاندۇرغان.

شاھ مىرى (قوۋۇزچى) دەرۋىش ئەلى چەنگىنىڭ زامانىدىشى بولۇپ، بۇخارادا داڭق چىقارغانىدى. ئۇ بۇ چالغۇدا ماھارىتى ئەۋجىگە چىققان سازەندە بولۇپ، بۇخارا نەغمىچىلىرىنىڭ كۆپلىرىگە ئۇستاز ئىدى.

بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، غىجەك ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىجاد بولدى ۋە تاكامۇللاشتى. غىجەك ئىجراچىلىقى ھەققىدە رىسالىلەر ۋە تەتقىقاتلار يارىتىلدى. مەزكۇر چالغۇنىڭ ماھىر ئىجراچىلىرى يېتىشىپ چىقتى. غىجەك ئىجراچىلىقى 20 ـ ئەسىردە بەك راۋاجلاندى. غەنىجان تاشمەتوۋ، كامىلجان جابباروۋ، سەيفىددىن يولداشېۋ، نەبىجان ھەسەنوۋ، غۇلامجان ھاجىقۇلوۋ، سالاھىددىن توختاسىنوۋ، ئابدۇلھاشىم ئىسمائىلوۋ، ئۆلمەس رەسۇلوۋ سىڭارى سازەندىلەر ئۆتمۈشتىكى غىجەك ئىجراچىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «تىياتىر» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن تەييارلىغۇچى: **ئابدۇقادىر جالالىدىن**

**مۇھەررىر: مۇختار تۇردى**



# يۇمورلار

(1)

يول باشلىغۇچى چىرايلىق بىر قىز ساياھەتچىلەر بەلەن قىسمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقاندا، تويۇقسىز ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىپ، يېنىدا كېتىۋاتقان كوماندىرنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭ، ئوق ئاۋازىدىن بەك قورقۇپ كەتتىم، — دەپ ئۆزرە سورىغانىكەن، كوماندىر:

— ھېچقىسى يوق، ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىزگە زەمبىرەك مانېۋىرىنى كۆرسىتەي — دەپتۇ.

(2)

يېڭى ئەسكەرلەر پاراتتىن ئۆتۈشنى مەشىق قىلىۋاتقاندا كوماندىر ئۇلارغا:

— قەددىڭلارنى تىك تۇتۇپ، سول پۇتۇڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئەسكەرلەردىن بىرسى ھودۇقۇپ كېتىپ، ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ پۇتى ياندىكى ئەسكەرنىڭ پۇتى بىلەن جۈپلىشىپ قاپتۇ.

كوماندىر بۇنى كۆرۈپ:

— سول پۇتۇڭنى كۆتۈر دېسەم، ئىككىلا پۇتنى كۆتۈرۈۋالغان قايسى ئەبلەخ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

(3)

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۈچ كۈنگىچە بىر - بىرىگە گەپ قىلىشماي ئايرىم يېتىپ - قوپۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى كەچتە، خوتۇنى بىر تال باغاقچە يېزىپ ئامراق پىستىسىدىن ئېرىگە كىرگۈزۈپتۇ. ئېرى پىستىنىڭ بويىندىكى باغاقچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭدا: «سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ بۇگۈن ئاخشام سىز بىلەن بىرگە ياتقۇم بار» دېگەن خەتلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئەكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ دەرھاللا قولىغا قەلەم ئېلىپ، بىر تال باغاقچە يېزىپ پىستىدىن خوتۇنىغا كىرگۈزۈپتۇ.

خوتۇنى باغاقچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭغا: «مەن ئەزەلدىن ئىت بىلەن بىرگە يېتىپ باقمىغان» دەپ يېزىلغانىكەن.

(4)

ئېرى ھەر كۈنى غەرق مەست ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغان بولۇۋاپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەي:

— ھاراقنى كۆپ ئىچكەننىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئېرى:

— ھاراقنى جىق ئىچسە، سەت نەرسىلەرمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ — دەپتۇ.

خوتۇنى:

— نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسىز؟

ئېرى:

— ئۇنتۇپ قالغىنىڭنى قارا، مەن ساڭا مەست بولۇپ قېلىپ توي تەلىپى قويغان ئەمەسمۇ ...

(5)

ئېرى ئۇستۇرۇلگەندىن كېيىن خوتۇنى ئۇنىڭغا ئىش ئۆگىتىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ سىز ئەمدى ئەمەلدار بولدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشقا ئۆزىڭىزلا قول تىقماي، باشقىلارنى ئىشقا بۇيرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، ئەمەلدارلاردەك سالاپەتلىك كۆرۈنىسىز ــ دەپتۇ.

ئېرى خوتۇنىنىڭ ئۇستۇبېشىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ:

ــ ماقۇل، ئەمسە ئىشنى سەندىن باشلاي، سەن دەرھال چىقىپ بىر داس ئىسسىق سۇ ئېلىپ كىرىپ پۇتۇمنى يۇيۇۋەت! ــ دەپتۇ.

تەييارلىغۇچى: **مۇختار تۇردى**

## يەنە نېمە دەيسەن؟

ئىككى كىشى بىر ياتاققا ئورۇنلىشىپتۇ. كېچە سائەت ئۈچ بولغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى توختىماي گەپ قىلىۋېرىپتۇ. يەنە بىرى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى ئادەم يەنە گەپ باشلاپ:

ــ ھازىر سىز بىر چىرايلىق قىزغا يولۇقسىڭىز نېمىلەرنى دەيسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ يەنە نېمە دەيسەن؟ ئۇخلا دەيمەن ــ دەپتۇ ئۇخلىيالمىغىنى.

## ئالاھىدە ناشتا

بىر يىگىت ئاشخانىغا كىرىپتۇ. كۈتكۈچى ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قەھۋە ئەكېلىپ:

ــ نېمە يەيسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ سىلەرنىڭ ئالاھىدە ناشتاڭلار نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ.

ــ توخۇ تىلى كاۋىپى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كۈتكۈچى.

ــ توخۇ تىلى كاۋىپى! ئادەمنى بىزار قىلماڭە، مەن توخۇنىڭ ئېغىزىدىكى نەرسىلەرنى يېيىش تۈگۈل، ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن ــ دەپتۇ ئۇ تىرىكىپ.

ــ ئۇنداقتا نېمە يەيسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ كۈتكۈچى ئېھتىيات بىلەن.

ــ ماڭا توخۇ تۇخۇمىدىن بېرىڭ.

## چارلاش

بىر يېڭى ئەسكەر تۈنجى قېتىم پوستتا چىقـقـانـدا، سەبدىشى يېقىن ئەتراپتىكى قىزىل چىراغنى كۆرستىپ:

ــ سەن ئاۋۇ قىزىل چىراغنىڭ يېنىنى چارلاپ كەل، چۈشەندىڭمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ چاتاق يوق، ــ دەپتۇ يېڭى ئەسكەر ۋە بىر كەتكەنچە ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن:

ــ نەگە باردىڭ، نېمىشقا ئەمدى كەلدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. يېڭى ئەسكەر تىرىكىپ:

ــ ھەي، ئۇ قىزىل چىراغ بىر ماشىنىنىڭ ئارقا چىرىغى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ...

## ئوغلىڭىزنى جىڭلاپ بېقىڭ

بىر ئايال ماگىزىنغا كىرىپ:

ــ بەش منۇت ئىلگىرى مەن ئوغلۇمنى بىر قاداق مۇرابا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدىم. ئەكەلگەنىدە ئۆلچىسەم ئېغىرلىقى كەم چىقتى. بۇنى قانداق چۈشەندۈرەسىز؟ ــ دەپتۇ مال ساتقۇچىغا. پىركازچىك ئەدەپ بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

ــ خانىم، ئۇنداقتا قايتىپ بېرىپ، ئوغلىڭىزنى جىڭلاپ بېقىڭ.

## ئۈچ ئېلىش

بىر ئادەم ھايۋانات دۇكىنىغا بېرىپ:

ــ مەن 250 دانە چۈسا، 230 دانە ھاشارات، 15 دانە چاشقان سېتىۋالىمەن ــ دەپتۇ. دۇكاندار:

ــ نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئۆي ئىگىسى مېنى قوغلاپ چىقاردى. مەن كېتىشتىن بۇرۇن ئۆينى ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويمەن.

تەييارلىغۇچى: **ئابدۇللا روزىمۇھەممەد** (قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# سوقرات ۋە فۇلبي

مېنىڭچە بۇ دۇنيادا ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىنچىكە ئويلىنىپ خاتىرجەم ئۆلۈپ كەتكەنلەردىن سوقرات بىلەن فۇلبي بار.

تارىختا خاتىرىلىنىشچە، سوقرات قەدىمكى ئافىنادا ئادالەتسىز قانۇن تەرىپىدىن سوتلانغاندا، كۆپچىلىك ۋە ئەدلىيە ئۇنىڭغا زىنداندىن قېچىش يولىنى هازىرلاپ بېرىدۇ. بىراق، سوقرات سوت خاتا هۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسىنى تاللايدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى كىرىتو:

— ئادالەتسىز سوتقا قارشى تۇرۇش سىز ئۆمۈربويى ئىنتىلگەن هەققانىيەت ئەمەسمىدى؟ سىز نېمىشقا زىنداندىن قېچىپ كېتىپ، هەققانىيەتنى تاللىمايسىـز ؟!— دەپ سورىغاندا، سوقرات:

— هازىرقىدەك پەيتتە زىنداندىن قېچىشىم هەققانىيەت بولىدۇ. بىراق، ئادالەتسىز قانۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش هەقىقەتنىڭ بىر تەلىپى. ئۇنداق بولمىسا هەممىلا ئادەم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان «هەقـقـانـىيەت»نى باهانە قىلىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدۇ،— دەيدۇ. سوقراتنىڭ مەردانە ئۆلۈمى ئاخىرقى هېسابتا ئافىنادىكى دېموكراتنىڭ سوتنى «پەيلاسوپنى خاتا سوتلىغانلىقى ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىل لەنەتكە قالدۇردى».

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى (ئەپلاتـونـنـىڭ ئەسلىمىسى) شۇكى، سوقرات زەهەر سېلىنغان رومكـىـنى قولىغا ئالغاندا، چىرايىدا قىلچىلىك هودۇقۇش ۋە غەم ئىزنالىرى كۆرۈلمىگەن. يەنە كېلىپ ئۇ ئىچكەن زەهەرنىڭ تەسىرى بەلگە كەلگەندە، ئۇ يۈزىگە يېپىلغان ئاق رەختنى قايرىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىسى كىرىتوغا:

—بىز ئاسكىلپىئىسقا بىر خوراز بېرىشىمىز كـېـرەك، بۇنى ئېسىڭدە تۇت، هەرگىز ئۇنتۇما،— دەپ تاپىلىغان.

مەشهۇر تەرجىمان فۇلېيمۇ سوقراتقا ئوخشاش ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىنچىكە ئويلىنىپ خاتىرجەم هالدا جان ئۈزگەن، بۇنى فۇلبي ئەر - خوتۇننىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1966 - يىلى 2 - سېنتەبىر فۇلبي ئەر - خوتۇن قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋە ئىسيانچىلارنىڭ ئاختۇرۇپ مۇسادىرە قىلىش، تىزلاندۇرۇش، تىل - ئاهانەت قىلىش ۋە ئۇرۇشلىرىغا چىدىماي، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن فۇلبي، جۇمېيفۇ ئەر - خوتۇن ئىنچىكە هېسابات قىلىپ يېزىلغان بىر پارچە ۋەسىيەتنامىنى قالدۇرىدۇ. بۇ ۋەسىيەتنامىنى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ يازغانلىقىغا پەقەت ئىشەنگۈڭىز كەلمەيدۇ. ۋەسىيەتنامە ناهايىتى ئەتراپلىق، پۇختا يېزىلغان. بۇ ۋەسىيەتنامىدە جۇمېيفۇنىڭ ئاكىسىغا هاۋالە قىلىنغان 13 تۈرلۈك ئاخىرەتلىك ئىشنىڭ بەشى مۇنداق:

1. 9 - ئايلىق ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن بۇ 55 يۈەن 29پۇڭنى تۆلەپ قويىسىڭىز (نەق پۇل تەييارلاپ قويۇلغان).

2. ۋۇكاڭ بىناسى 606 - ئۆيدىكى شېن جـۇڭـجـاڭ «ئومىگا» ماركىلىق ئاپتوماتىك ئەرەنچە سائەتنى ئوڭشىتىپ قويۇشىمىزنى هاۋالە قىلغانىدى. ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرسىڭىز.

3. 600 يۈەننىڭ چېكىنى جۇچۇدىغا (فۇ ئائىلىسىدىكى بالا باققۇچى—ئىزاهات) بەرسىڭىز، ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى تۇرمۇش پۇلى بولۇپ قالسۇن. ئۇ ... بۇ ئۆمرىدە يېتىمچىلىكتە غېرىبسىنىپ كەلدى. بىز ئۇنىڭ گۇناهسىز تۇرۇپ جاپا تارتىشىنى خالىمايمىز.





4. كىچىك ئاپام فۇيىنىڭ بىزگە ساقلاپ بېرىڭلار دەپ ئەۋەتىپ بەرگەن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىمىزنى قىزىل قوغدىغۇچىلار مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ كېتىشتى، بۇنىڭ ئورنىغا بۇ ئۈچ تال چەك (جەمئىي 370 يۇەن) بىلەن ئازراق پۇل بار ئۈچ ئامانەت كىنىشكىسىنى تۆلەپ بەرسىڭىز.

5. بۇ 53 يۇەن 30 پۇڭنى ئىككىمىزنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈشكە ئىشلەتسىڭىز.

سوقرات ئۆلۈم ئالدىدا ئوقۇغۇچىسىغا بىراۋغا بىر خوراز بېرىشنى تاپىلاشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. فۇلېي بولسا «ھېسابات»نى تېخىمۇ ئىنچىكە قىلغان، فۇلېي ئەر – خوتۇن ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈشكە يەنە 53 يۇەن 30 پۇڭ تەييارلاپ قويغان. دىما ئەپەندىنىڭ ئوبزورىدىكى بىر جۈملە سۆزنى نەقىل كەلتۈرسەك، سوقرات بىلەن فۇلېينىڭ ۋەسىيەتنامىسى «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئېسىل قەلبلىك كىشىلەرلا قىلالايدىغان پەۋقۇلئاددە ئىنكاس». بىراق مېنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس، بەلكى «ئافىنادىكى دېموكراتىك سوتنىڭ پەيلاسوپنى خاتا سوت قىلغانلىقى ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىل لەنەتكە قالغانلىقى»دۇر. نېمە ئۈچۈن سوت بىر پەيلاسوپنى خاتا سوتلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىلغىچە لەنەتكە قالىدۇ؟ قانۇنچىلار (چىن سۇلالىسى بىرلىككە كېلىشتىن بۇرۇنقى بىر خىل ئىدىيۋى ئېقىم) پىرى گۇڭ سۇنياڭنى (سوقرات بىلەن زاماندىش)، (يەنى شاڭياڭ) ئەمەلدارلار بەش ئاتقا سۆرىتىپ پارە – پارە قىلىۋەتكەن، بۇ ئىشلار كىمنىڭ ئېسىدە بار؟ چىن بەگلىكىدىكى ئەمەلدارلارغا كىم لەنەت ئوقۇپ باقتى؟ سىماچيەنگە ئەمەلدارلار ئىنتايىن ۋەھشىي بولغان ئاختا قىلىۋېتىش جازاسى بەرگەن، شۇ ئىش تۈپەيلى خەن خاندانلىقىغا كىم لەنەت ئوقۇپ باقتى؟ ھېچكىم لەنەت ئوقۇپ باقمىدى. لەنەت ئوقۇغانلار پەقەت ئاشۇ تارىخنى مۇنداقلا بايان قىلىپ قويىدى. بىراق يۇناندىكى سوقراتنىڭ ئۇۋالچىلىقى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. سوقراتنىڭ ئۇۋالچىلىقى بىر سوتنى بىر پەيلاسوپنى خاتا سوتلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىل لەنەتكە قويىدى. شۇڭلاشقا سوقرات ئۆلگەندىن كېيىنكى نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە غەربتە سوقراتنىڭكىدەك ئۇۋال دېلولار كۆرۈلمىدى. بىراق بىزدە قانداق ئۇۋال دېلو يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، يا يامانلىقنىڭ باشلامچىلىرى بارلىق جاۋابكارلىقتىن «ئىزچىل، توغرا» ھالدا قۇتۇلۇپ كەلگەچكە، يا بىر قىسىم كىشىلەرنى «پاك ئەمەلدار»لىق يولىدا «ئىزچىل، توغرا» ماڭدۇرۇپ كەلگەچكە، ئېلىمىزدە ئۇۋال دېلولار گۇڭ سۇنياڭدىن فۇلېيغىچە داۋاملىشىپ كەلدى (بۇ ئارىدىكى ئۇۋال دېلولار ساناقسىز).

شۇڭلاشقا، تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا سوقرات بىلەن فۇلېينىڭ ئۆلۈمى ئوخشاش ئەمەس. سوقراتنىڭ ئۆلۈمى پۈتكۈل غەرب دۇنياسىغا ھاياتىي كۈچكە تولغان قانۇن مەدەنىيىتىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، فۇلېينىڭ ئۆلۈمى جۇڭگوغا پەقەت «ئېچىنىشلىق ساۋاق» تەك ئەمەلدارلار تارىخىنى قالدۇرۇپ كەتتى. تېخىمۇ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، سوقراتنى خاتا سوتلاپ قويغان ئافىنا دېموكراتىك سوتى ھازىرغىچە غەربتە لەنەتكە ئۇچراپ كەلدى. شۇڭا سوقراتنىڭ پاجىئەسى سوقرات ئۆلۈش ئالدىدىكى پەيتلەردە غەربتىكى ئەڭ ئاخىرقى پاجىئە بولۇپ قالغان.

---

(ۋېي دېشېڭ ئىمزالىق بۇ ماقالە («كۈنمىڭ گېزىتى»نىڭ 2002 – يىل 15 – سېنتەبىردىكى سانىنىڭ «كىتاب ئوقۇش» سەھىپىسىگە بېسىلغان. «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»نىڭ 2002 – يىل دېكابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان).

**ئازاد نىزامىدىن ئەنجانى تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى**



# بوراندا قالغان تۇمۇشۇق

ئىنتېرنېت توردىن بىر ئايال ئالىمنىڭ ئاقىلانە تەتقىقات دوكلاتىنى كۆرۈپ قالدىم، دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگودا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىۋالغانلارنىڭ نىسبىتى ‰0.22 بولۇپ، دۇنياۋى ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن ‰0.16 دىن جىقلا كۆپ ئىكەن. شۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىۋالغانلارنىڭ تولىسى ئايال، يەنە تېخى يېزا ئاياللىرى ئىكەن.

خۇبېي ئۆلكىسىدىكى تۇڭجى مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچېڭ ۋىلايىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىۋالغان بىر نەچچە 100 يېزا ئاياللىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپتۇ، تەھلىل قىلىپ چىقارغان مۇنداق نەتىجىسى ئادەمنى چۆچۈتىدىكەن: يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان جۇڭگودا ئىقتىساد زور قەدەملەر بىلەن راۋاجلىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئاياللىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە تارتىۋاتقان دەردلىرى كۆزگە كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە بوشاشقىنى يوق. مەيلى يەرلىك مەھەللىي قائىدە ـ نىزام ۋە ئەھدە جەھەتتە بولسۇن، مەيلى توي ـ تۆكۈن جەريانلىرىدا بولسۇن ياكى ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بولسۇن، ئاياللار ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتىلىپ كەلمەكتە. يېزىلاردا ئاياللار تېخىچە ئەرلەرنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرىدىغان، بالا تۇغۇپ بېرىدىغان قورال بولۇپ كەلمەكتە، دەردىنى ئىچىگە يۇتىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئەنە شۇلاردۇر.

رەقەم دېگەن خۇنۇك نەرسە. لېكىن ئەنە شۇ رەقەملەرنىڭ تېگىدە ھەم جانلىق، جەسۇر ۋە ھەم ئاجىز، بىچارە جانلار ـ قىزلار، خوتۇنلار، ئانىلار كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بەئەينى داللاردىكى، سازلىقلاردىكى، جىلغىلاردىكى بوراندا بۇكۈلگەن قومۇشتۇر.

«ئارامخۇدا ئۆلۈپ كەتكەندىن دەرد تارتسامۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ھايات تۇرغىنىم ياخشى» دەيدىغان قاراش مەۋجۇت تۇرغان جۇڭگودا نېمە ئۈچۈن بىر مۇنچە ئاياللار ئۆلۈم يولىنى تاللىۋېلىپ، بۇ دۇنيادىن مەلۇم دەھشەتلىك چارىلەر بىلەن قول ئۈزۈپ كېتىپ قالىدۇ؟ مەخسۇسلا يېزا ئاياللىرى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق ئاقىلانە قاراشلىرى بار ئىكەن:

بىرىنچىدىن، يېزا ئاياللىرى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدۇ، ئۇلار ھەممىدىن كۆپ خورلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قەد كۆتەرگىنىگە شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ، پاترىئارخال دەيدىغان جەددى ـ جەمەت ئائىلىسى تۈزۈمى يەنىلا ئاياللارنى تۇرمۇشتا قاتتىق ئىسكەنجە ئاستىدا تۇتماقتا، بولۇپمۇ تۇغۇت جەھەتتە بەزى يېزا ئاياللىرى ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇش سىياستى بىلەن يېزىدىكى ئوغۇل بالىنى قەدىرلەيدىغان، قىز بالىنى يامان كۆرىدىغان قاراش ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالىدۇ، قىز تۇغسا خورلايـ

دۇ، مۇبادا نائىلاج پىلاندىن ئارتۇق تۇغۇپ قالسا، سىياسەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، ئاخىرىدا ئۆز جېنىدىن ۋاز كېچىدۇ.

ئىككىنچىدىن، جۇڭگودا يېزا ئاياللىرىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. ئوقىغانلىرى ئاز بولغاچقا، خورلۇققائۇچرىغاندا ئۆزىنى قانداق قوغداشنى بىلمەيدۇ (ئۇلارنىڭ تولىسى خەت ساۋاتى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، قانۇندىنمۇ ساۋاتسىز). شۇڭا بېشىغا قاتتىق دەرد ـ ئەلەم كەلگەندە، دەردى چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەندە دەردتىن ئۆلۈپ تۈگىشىش يولىغا ماڭىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يېزا ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتىن ۋە قانۇندىن ئالىدىغان بەھرى تولىمۇ ئاز. 20 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان شەھەر بىلەن يېزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلىرى بارغانسېرى زورىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھال ـ كۆن جەھەتتە يېزىدىكى ئەرلەر بىلەن شەھەردىكى ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭ؛ يېزىدىكى ئاياللار بىلەن شەھەردىكى ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭ؛ يېزىدىكى ئاياللار بىلەن شەھەردىكى ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ. يېزىدىكى ئاياللارنى قانۇن مۇھاپىزىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇھاپىزەت يوق يەردە ياشايدۇ دېسەك، مۇبالىغە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ جامائەتكە ئارىلىشىش دائىرىسى تار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا باردى ـ كەلدىسىمۇ يوق. بىرەر مەسىلە چىقىپ بېشى قېتىپ قالسا، غۇمنى چىقىرىۋالغىدەك جاي، ئىچ ـ قارنىنى تۆكۈۋالغىدەك ئادەم تاپالمىغاندا ئاسانلا ئۆلۈم يولىغا ماڭىدۇ.

ئۆتمۈشتە بەزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنىڭ دۇنيا بويىچە ئوتتۇرىچە ساندىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلساق جۇڭگونىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ؛ جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى مۇزاكىرە قىلىش يېزا جەمئىيىتىنىڭ ئىسلاھاتتىن، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرىنى ئىجابىي جەھەتتىن نامايان قىلىشقا زىيانلىق بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا بۇ مەسىلىنىڭ تۈۋىقى بارغانسېرى ھەم يېپىلىپ كەلگەن. مانا ئەمدى ئەينى ئەھۋال ئېچىلىپ قالدى، مەن بۇنى خېلى ئوبدان بىر ياخشىلىق دەپ قارايمەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆلۈۋېلىشنىڭ كۆلەڭگىسى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاياللار ئۈچۈن بىرەر ئىش ـ پىش قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىمىز بارمۇ ـ يوق؟

مېنىڭ قارىشىمچە، ئانىغا زۇلۇم قىلىدىغان مىللەتتە ھەرگىزمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ؛ خوتۇن خەقنى خورلايدىغان مىللەت، ئېنىقكى، «مېھىر ـ مۇھەببەت» دېگەن نەرسىنى بىلمەيدىغان مىللەتتۇر؛ قىزلارنى ئاسرىمايدىغان مىللەتمۇ ئېنىقكى، ئىستىقبالسىز مىللەتتۇر، ئانىلار، خوتۇنلار ۋە قىزلارنىڭ قەددى خۇددى بوران سوققان قومۇشتەك 90 گرادۇس بۈكۈلمەكتە.

ئۇلارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنايلى.

يۇقىرىقى ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ فېلىيەتون 2003 ـ يىل 10 ـ يانۋار نەشردىن چىققان «فېلىيەتون» گېزىتىدىكى نۇسخىدىن توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى.

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت



# چاۋاك تىلەمچىلىرى



بەزى كونسېرت كېچىلىكلىرىدە، ناخشا ـ ئۇسسۇل سورۇنلىرىدا چاۋاك تىلەيدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالىدۇ، يېلىنىپ تىلىگەن تەقدىردىمۇ، چاۋاك ئاندا ـ ساندا، قەدرى ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە رىياسەتچى ئوتتۇرىغا چىقىپ «×××ناخشا ئوقۇيدۇ، قېنى چاۋاك بىلەن ئالقىشلايلى» دېسە، بەزىدە ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئۆزى «چاۋاك بىلەن مەدەت بەرسەڭلار قانداق؟» دەپ نالە قىلسا، تاماشىبىنلار شۇئان گۈلدۈراس چاۋاك چالىدۇ!

تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگىنىمدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. رىياسەتچى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ناخشا چولپانلىرى ھەققىدە چاۋاك تىلىسە، بۇنى ھەرھالدا ئەدەب ـ يوسۇنلۇق ئىش دېسەك، ناخشا چولپانلىرىنىڭ ناز ـ كەرەشمە بىلەن چاۋاك تىلەشلىرى، ئۇلارنىڭ شۇ ئوبرازى «باش ـ كۆزىڭىزنىڭ سادىقىسى بولسۇن، بىرئاز ساۋاپلىق بېرىڭ» دەپ ئىلتىجا قىلىدىغان قەلەندەرلەرگە ئوپمۇئوخشاش بولۇپ قالامدۇ!

بۇرۇنقى زاماندىكى قەلەندەرلەر تىلەمچىلىكنىمۇ ئۆزىگە يارىشا يولى بار دەپ، ھاقارەتلىك سەدىقىنى قوبۇل قىلمايدىكەن. «ئاتىغىنىڭنى تېزەك تەپكەندەك تېپىپ بەرسەڭ، قەلەندەرمۇ نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ» (دەپتەكەن كوگزى «ئوغلۇمغا پەندى ـ نەسىھەت» دېگەن خاتىرىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا). «دوق بىلەن بەرگەن تائام» دېگەن قىسسە مۇنداق پەيدا بولغانىكەن: چى دۆلىتى (جۇڭگو تارىخىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە دېھقان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىيسى خۇاڭ چاۋ قۇرغان دۆلەت ـ تەرجىمان ئىزاھاتى) دەۋرىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپتۇ. چيەن ئاۋ دېگەن ئادەم نەزىر قىلىمەن، ئاچ قالغانلار كېلىپ يېسۇن دەپ، يول بويىدا يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاپ ئولتۇرۇپتۇ. كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، رەڭگى روھى سامانىدەك سارغايغان، ئاچ قورساق بىر ئادەم كەلگەنىكەن، چيەن ئاۋۋال سول قولىغا يەيدىغان نەرسىنى، ئوڭ قولىغا ئىچىدىغان ئۇسسۇزلۇقنى ئېلىپ، ئادەمنى مەنستمەيدىغان سەت تەلەپپۇز بىلەن: «ھوي، بۇ ياققا كەل، مانا بۇنى يە!» دەپ دوق قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: دوق قىلىپ بەرگەن تائامنى يېمەي يۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئەبگالىشىپ كېتىسەن دەپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئاچ قورساق ئادەم ئۇنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلماپتۇ. ئاخىر «دوق بىلەن كەلگەن تائام»نى يېمىگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاچ قالسام قالاي، دوق بىلەن بەرگەن مىننەتلىك تائامنى ھەرگىز يېمەيمەن! قەلەندەرنىڭمۇ خورلۇقنى كۆتەرمەيدىغان مانا مۇشۇنداق ئىززەت نەپسى ۋە ئايرۇيى بار! ئېھتىمال ھازىرقى زاماننىڭ بەزى سۆلەتمەن ئادەملىرى بۇنى تەلۋىلىك دەپ قارىمىغىيدى؟!

ھازىرقى زامان ئادەملىرى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇلار تىلەمچىلىكنىمۇ ئۆزىگە يارىشا يولى بار، دېگەندەك گەپلەرگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ، قورسىقىنى تويدۇغۇزۇپ جان باقسا بولدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىززەت ـ ئابرۇي دېگەن نەرسىلەر نەچچە پۇلغا يارايتتى؟ ھېلىقۇ تېزەك تەپكەندەك تېپىپ، دوق قىلىپ بەرگەن

تائام ئېكەن، ئۇلار ھەتتا ئارقىڭىزغا كىرىۋېلىپ، رودە-پايدەك چاپلىشىۋېلىپ ئالىدۇ، ھەتتا ياڭغانچىلىق بىلەن ئالداپ ئېلىپ يەيدۇ، پۇل ـ مېلىڭىزنى ئالدامچىلىق بىلەن ئېلىۋالىدۇ، ھازىرقى قەلەندەرلەرنىڭ تىلەمچىلىك نەي-رەڭلىرى خىلمۇخىل؛ ئۇلارنىڭ ياشاش يوللىرى بۇرۇنقى زاماندىكى قەلەندەرلەرنىڭ تىلەش يوللىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ. چاۋاك تىلەيدىغان ناخشا چولپان-لىرىغا قاراڭ، ئۇلارنىڭ تىلەپ تۇرۇپ چاۋاك چالدۇرغان چاغدا بەللىرىنى ئەۋرىشىمدەك تولغاپ، بىلەكلىرىنى ئوي-نىتىپ تۇرۇشلىرى گويا زەھەر چېكىدىغان خرۇئىن بەڭ-گىلىرىنىڭ خرۇئىن چېكىۋالغاندىن كېيىن خۇددى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرگىنىگە، ھۆر ـ پەرىلەرگە ئايل-نىپ قالغىنىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ!

چاۋاك دېمەك ،ئالقان بىلەن ئاپىرىن ئېيتماقتۇر، چا-ۋاك تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلى، يۈرىكىدۇر، چاۋاكنى سائىتى توغرا كېلىپ قالمىغاندا زورلۇق بىلەن چالدۇرغىلى بول-مايدۇ. ناخشىنى يارىغىدەك، تەسىرلىك ئوقۇيالىسىڭىز، تاماشىبىنلار چاۋاك بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ؛ قاە-لاشتۇرۇپ ئوقۇيالماي، ھەدەپ بارىكاللا تەمە قىلسىڭىز، يۈزىڭىزنى داپتەك قىلىپ چاۋاك تەلەپ قىلسىڭىز، سو-رۇننى شۇنداق قىزىتسىڭىز، ئىككى پۇلغا يارىمايدىغان ئۇنداق چاۋاكلار سەنئەتنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى، ئادەمنىڭ چاكىنالاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا نېمە ھۇزۇر بول-سۇن؟!

ناخشا چولپانلىرىنىڭ چاۋاك تىلىشى پەقەت بۇرد-چىلىكلا ئەمەس، ئۇنىڭ تېگىدە ئادەمنى يىرگەندۈر-دىغان باشقا بىر خىل «چولپان مىجەز»مۇ بار. سەھنە بازارلىرىدا «تاماشىبىنلار ھەممىدىن قەدىرلىك»، «-سەنئەت خەلققە موھتاج» دېيىشمۇ يەنە مەلۇم ناخشا چولپانلىرى يانچۇقىنى تومىلىۋالغانلار ئۆز قورسىقىدا تاماشىبىنلارنى، خەلقنى پىسەنتكە ئالمايدۇ. ئۇلار ئۆز-لىرىنى ئاسمانغا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان چولپان يۇلتۇز چاغلايدۇ، ئوقۇۋاتقىنىم «ھەممە ئادەمگە ياقىدىغان ئې-سىل ناخشا» دەپ ئويلايدۇ، كۆز تىكىپ ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنى بولسا، گۇپپاڭچى دەستەك، چولپانلارغا دوست تارتىشىپ بېرىدىغان، چاۋاك چېلىپ بېرىدىغان پۇشتەكچى دەپ ھېسابلايدۇ. مۇبادا سورۇننى بىر ئالە-دىغان بارىكاللا سادالىرى ياڭرىمىسا، ئۇلارنىڭ يېـلى چىقىپ، ھەپسىلىسى پۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چاۋاك تىلە-شى چى دۆلىتى دەۋرىدە ياشىغان چېن ئاۋنىڭ «كەل، مانا بۇنى يەۋال!» دەپ دوق قىلغىنىغا ئوخشىسا، ناخشا ئاۋازى تائامغا، ئۇسسۇزلۇققا ئوخشايدۇ؛ بۇ ئۇ-لارنىڭ ئامىمغا مىننەتلىك سەدىقە بەرگىنى ۋە ناھايىتى چوڭ خەير ـ ساخاۋەت قىلغىنى! تاماشىبىنلار ئەكسىچە ئۇلارغا تەلمۈرىدىغان قەلەندەر بولۇپ قالغىنى! دېمەك، ئۇلار تاماشىبىنلارنى، بولۇپمۇ چاۋاكنى ئايايدىغان تاماشىبىنلارنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئوينىتىدۇ، ئەخمەق قىلىدۇ.

چاۋاكنى تىلەپ ھەتتا زورلۇق قىلىپ چالدۇرۇشتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدىكى، ئۇنداق قىلىش تاماشىبىنلارنى ئىززەتلىمەسلىك، ھەتتا ھاقارەتلەش بولىدۇ. خۇددى پېلى مېڭلۇڭنىڭ «راھەتلىنەي دېسەڭ ،راھەت يوق، نەپ ئالاي دېسەڭ نەپ يوق» دېگىنىدەك ئىش بولىدۇ. مەستانە، ئەمما تەمكىن تاماشىبىنلارنىڭ ناخشا چولپانلىرىنىڭ چا-ۋاك تىلەشلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى ھەممىدىن ياخشى چارىسى، ئېھتىمال، جىم ئولتۇرۇش، ناخشىنى ئاڭلاپ بې-قىپ ئاندىن بىر نېمە دېيىش بولسا كېرەك.

---

بۇ فېلىيەتون 2003 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «فېلىيەتون گېزىتى»دە لى مىڭ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## مىراس ژۇرنىلىنىڭ بىلدۈرگۈسى

ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئەسىرىڭىزدىن بىر نۇسخىنى ئۆزىڭىز ساقلىغايسىز.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ساغلاملىق تەبىئىي ئوزۇقلۇقتا مۇھتاج

ھەرقانداق بىر رايون ۋە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە يېمەكلىكلەر ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولىدۇ. شىنجاڭ ئارمان كەسى چەكلىك شىركىتى خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتى ئاساسىدا ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات، كۆزىتىشلەر ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرگەن بىر يۈرۈش قۇۋۋەت مەھسۇلاتلىرى، دەل ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتى، تەبىئىي دورىلىق ئوزۇقلۇق ياسالمىلىرىنىڭ بۈگۈنكى يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەر ئارقىلىق قايتا ئىپادىلىنىشىدۇر.

شىنجاڭ ئارمان كەسپىي چەكلىك شىركىتى نوقۇتتىن ئىبارەت مىللىي تېبابەتچىلىكتە 2500 يىللىق ئىشلىتىلىش تارىخىغا ئىگە دورىلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بولغان تۇر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ زامانىۋى تېخنىكىلار ياردىمىدە نوقۇتنىڭ پوستى قىسمىنىڭ تەستە ھەزىم بولۇش، پوستى تەركىبىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنىڭ بەدەن ئىچىگە يىغىلىپ قېلىش تەسىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ ئورگانىزم تەرىپىدىن شۈمۈرۈلۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن ساپ نوقۇت تالقىنى زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا ئارقىلىق يارىتىلغان دىيارىمىزدىكى تۇنجى ئەۋلاد ساغلاملىق يېمەكلىكىدۇر.

ياڭاق مېغىزى ئۆزىنىڭ دورىلىق، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇشلۇق. ئادەتتە ھەر 100 گرام ياڭاق مېغىزى تەركىبىدە 40 ـ 50 گرامغىچە ياغ، قاڭرام ئاقسىل، ئون گرام قەنت ۋە فوسفور، كالتسىي، تۆمۈر، سىنك، ماگنىي، ھەر خىل ۋىتامىنلار قاتارلىق ئورگانىزم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىلار مول بولۇپ، ياڭاق مېغىزىدىكى ئاقسىل تەركىبىدە ئادەم بەدىنى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئامونىي كىسلاتاسى بار. ياڭاق يېغىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى ۋە زىغىر كىسلاتاسى بولۇپ، ئۇنىڭ قاندىكى خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك، شۇڭا دائىملىق ياڭاق يەپ بەرگەندە قان تومۇر قېتىش، قاندا ماي ئۆرلەش، دىئابىت كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ياڭاق مېغىزى تەركىبىدىكى سىنك، ماگنىي، خرۇم قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار ھۈجەيرىلەرنىڭ ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۈرەك قان تومۇرلىرى ۋە ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ نورمال خىزمىتىگە ياردەم بېرىپ ئادەمنى ياشارتىدۇ.

بادام مېغىزىمۇ مول ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت ھەر خىل ۋىتامىنلار، كالتسىي، ماگنىي، تۆمۈر، ناترىي، مىس، خرۇم قاتارلىق ئورگانىزم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مىكرو ئېلېمېنتلار مول بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بادام مېغىزىنىڭ توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئۈيقا كەلتۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۇنتۇغاقلىق، ئادەتلەنگەن باش ئاغرىقى، قان تۈكۈرۈش، يۆرەك ئاجىزلىق، كەم ماغدۇرلۇق كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆرۈك مېغىزى خەلقىمىزنىڭ غىزالىنىش رىسالىسىدىكى يەنە بىر ئېسىل گۆھەر. مېغىزنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، مېۋە قەنتى، ئاددىي قەنتلەر، ۋىتامىن A, 1B, 2B, C كالتسىي، سىنك فوسفور قاتارلىق ئورگانىزمغا پايدىلىق ماددىلار كۆپ بولۇپ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھا ئېچىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ئۆچەينى سىلىقلاش، تېرىنى پارقىرىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەمنى بوشىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، يۈز تېرىسىنى سۇزۇكلەشتۈرۈپ قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن زامانلاردىن بۇيان ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتقان. شۇنداقلا ئىشچان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قولىدا تىزىق بولۇپ ئۆتكۈزۈلۈپ چىن مۇھەببەت، تىنچ ئامانلىقنىڭ سىمۋول تۇسنى ئالغان شېرىن تەملىك يېمەكلىك.

كالا سۈتىدە ئىنسان بەدىنى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىللىرى مەۋجۇت. يەنى بىر كىلوگرام كالا سۈتىدە 870 گرام سۇ، 31 گرام ئاقسىل (ئاق ئاقسىل، شارچە ئاقسىل. فوسفورلۇق ئاقسىل 36 گرام ياغ، 60 گرام شېكەر، يەتتە گرام كۈل ماددىسى، 120 مىللىگرام كالتسىي، 90 مىللىگرام فوسفور، 0.1 گرام تۆمۈر بۇلاردىن سىرت ۋىتامىن A, B1, C قاتارلىقلار بار، دېمەك، كالا سۈتى بوۋاق باللار، گۆدەكلەر ۋە چوڭ كىشلەر ئۈچۈنمۇ ئەڭ پايدىلىق ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. چوڭ ياشلىق ئادەم بىر كۈندە بىر ئىككى لىتىر سۈت ئىچسە تولۇق ئوزۇقلۇق خىزمىتىنى ئۆتىيەلەيدۇ. تېنى ئاجىز ئادەملەر ۋە كېسەللەر ئۈچۈنمۇ ياخشى ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ.

ھەسەل ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تاكى ھازىرغا قەدەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىدە ھەممە خەلق ئورتاق ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىدىغان ماددىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مول مىنېرال ماددىيلار، گلوكوزىلار ئورگانىزمنىڭ ماددا ئالمىشىنى يېتەرلىك مىقداردىكى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەن بىرگە، ئەزالارنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. «ئارمان يۈرۈشلۈك قۇۋۋەت تالقانلىرى» خاسلا ئەنئەنىۋى ئوزۇقلۇقلىرىمىزنىڭ ئادەتتىكى پىششىقلاپ ئىشلىنىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالىتى بىلەن ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنىڭ تەقسىملىنىش پرىنسىپى، ماددا ئالمىشىش جەريانىدىكى ئېنېرگىيىنىڭ سەرپىياتى بىلەن ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياج مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئۇششاق بۆلەكلەردە سىستېمىلىق، تەجرىبىلىك ئۆلچەشلەر ئارقىلىق بېكىتىلگەن سانلىق مىقدارلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي نىسبەتلىك ساغلاملىق ئوزۇقلىقىدۇر.



قەلب كۆۋرۈكى



ياۋاشنى بوزەك ئەتمىسەك ...



بېرىشلىك ئوت بىلەن سامان، ئېلىشلىك سۈت بىلەن قان



ئۈچىنچى شەخس



تىلنىڭ قۇدرىتى



تېمىسىز

Arman®
阿尔曼

# ARMAN®

## ياڭاق تالقىنىنى بۇرۇن ئىچكەن ،
## ھازىر ئىچىمىز، كېيىنمۇ ئىچىمىز !

رايونىمىزنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتى ياڭاق ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنىپ، زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا، ئىلغار ھۈنەر-سەنئەتنى پايدىلىنىپ، چوڭلار ھەم بالىلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ماسلاشتۇرۇلۇپ تەڭشەلگەن ئارمان ياڭاق تالقانلىرى بالىلار ھەم چوڭلارنىڭ ساغلاملىق سوۋغىسىدۇر.





企业通过ISO9001-2000国际质量管理体系认证
Arman®
阿尔曼
شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى
新疆著名商标
ئارمان چوڭلار ياڭاق تالقىنى®
阿尔曼中老年核桃粉
ARMAN WALNUT POWDER FOR SENIOR
(无糖型)
健康无价
低脂肪
高蛋白
高纤维
富含矿物质
维生素群
新疆维吾尔自治区
农业产业化重点
龙头企业
新疆维吾尔自治区
工商局消费者协会
推荐产品
新疆特产
民族风味
Xinjiang China
حلال
ARMAN
ساپ ئېغىرلىقى: 300گرام
净重：300克
شىنجاڭ ئارمان كەسپىي چەكلىك شىركىتى
XINJIANG ARMAN INDUSTRIAL CO.,LTD